ئاسىيا كىندىكى

亚洲中心时报 پوچتىغا بېرىلىش نومۇرى: 57 — 145

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش نەشر قىلىدۇ. مەملىكەت ئىچىدىكى نومۇرى: CN65 — 0073 / D

1994 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى (86 - سان)

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا

ئۆز خەۋىرىمىز. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىدىكى 56 كىشى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 8 - ئاينىڭ 8 - ۋە 9 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىل، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىسمەت كىرىمباي، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن فېڭ داجېن، ئىبراھىم روزى، ماۋدېخۇا، ۋاڭ شىجېن، خەن يوۋېن، ۋۇجياخې، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ باش كاتىپى قاسىم ھېمىت شۇنىڭدەك بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرى ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە چېگرا سودىسى ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ مۇنداق دېدى: ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىدا ئۇدا 16 يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 15 ئېغىز ئېچىلىپ، 50 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت يەنە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا دۇچ كەلگەن ئاساسلىق قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى تونۇشتۇردى.

يولداش جانابىل كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

قورغاس ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى ئەزچىل قوللاپ كەلمەكتە

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئابلىكىم ھاپىز خەۋىرى. قورغاس ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى قىزغىن قوللاپ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بولۇپمۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ پائالىيەت خىراجىتىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىنى قوللىدى. بۇنىڭ بىلەن سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقى ئاشتى؛ ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ جەددىي بولۇشىغا قارىماي، ئۆتكەن يىلى سىياسىي كېڭەش ئىشخانىلىرىنى يېڭىلاش ئۈچۈن 170 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى، سىياسىي كېڭەش بۇ پۇلغا 245 كۋادرات مېترلىق ئىشخانا بىناسى سېلىپ، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلىدى، سىياسىي كېڭەشنىڭ قاتناش قوراللىرىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر سانتانا پىكاپ ئېلىپ بېرىپ، قاتناش قوراللىرىنى يېڭىلاپ بەردى؛ 18 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان نەشر قىلىنماي كېلىۋاتقان قورغاس ناھىيە تارىخىي ماتېرىياللىرى كىتابىنى نەشردىن چىقىرىشقا ياردەم بەردى؛ ئۆتكەن يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككى نەپەرنى بىۋاستە سىياسىي كېڭەشكە تەقسىم قىلىپ بېرىپ، سىياسىي كېڭەش كادىرلىرىنى

شاپتول دېھقانلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاماقى ئۈچۈن 49 مىڭ كىلوگرام بۇغداي ئىئانە قىلدى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئابلىمەت روزى خەۋىرى. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئوتتۇرا مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش سىناق نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولغان پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شاپتول يېزىسى 1985 - يىلدىن باشلاپ

پىلانىنى تۈزۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى كۈنىگە ئۈچ ۋاقلىق تاماق بىلەن ھەقسىز تەمىنلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەندى. بىراق، مال باھاسى ئۆسۈپ كەتكەچكە بۇ يىل يېزىنىڭ مائارىپ راسخوتى يېتىشمەي قالدى، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ

ئاشلىق ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە دېھقانلار 49 مىڭ 50 كىلوگرام بۇغداي ئىئانە قىلدى.

جياڭ زېمىن شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى توغرىسىدا توختالدى

ئۆز خەۋىرىمىز. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونىدىكى ئەزالىرى شىنجاڭدا كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئۆمەكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەملىكەتلىك ۋە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شياڭگاڭ يېجو گۇرۇھىنىڭ رەئىسى جياڭ يوڭجىڭ ئەپەندى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئېتىراپ قىلىدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مەركىزىي خىزمىتى نېمە؟ قورغاس ئېغىزىنى ئېچىشتا نېمە ئۈچۈن تا بۈگۈنگە قەدەر مەشغۇلات خاراكتېرلىك سىياسەتنى تۈزۈپ چىقمايدۇ؟ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئىلىغا بەرگەن «ئىقتىسادىي تەجرىبە رايونى» سىياسىتى ئالاھىدە رايونلارغا بەرگەن سىياسەتتىن تېخىمۇ كەڭ. بۇ سىياسەت نېمە ئۈچۈن تا بۈگۈنگىچە ئەمەلىيلەشمەيدۇ؟ قورغاس چېگرا سودا شەھىرى شۇنىڭدەك دۆلەت ھالقىغان ئەركىن سودا رايونىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمىغانلىقى شىنجاڭ ئۈچۈن زىيانمۇ - ئەمەسمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ تېگىشلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

8 - كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايون زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بۇ ئۆمەكنى كۈتۈۋالدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىل قىزغىن سۆز قىلدى.

غۇلجا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش يېزا ئىگىلىكىگە كۆڭۈل بۆلمەكتە

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئابلىكىم ھاپىز خەۋىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان غۇلجا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش يېزا ئىگىلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈش، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى قاتارىغا قويدى.

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش پارتىيە، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، ئەقىل - پاراسەت كۆرسىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، مەخسۇس دېھقانچىلىقنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش پائالىيىتىدىن 15 قېتىم ئېلىپ بېرىپ، ئالتە پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى تەييارلاپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ پايدىلىنىشىغا تاپشۇردى. ئىجرا قىلىشقا، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بولىدىغان 52 پارچە تەكلىپ بەردى. مەخسۇس يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بىلەن ئىككى قېتىم سۆھبەتلەشتى، يەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەشكىللەپ ئىككى قېتىم يېزا ئىگىلىك مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنى ئاچتى. بۇنىڭدىن باشقا، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش يەنە مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، غۇلجا ناھىيىسىدىكى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيە ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت بۇ تەسەۋۋۇرغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇشۇ ئاساستا ناھىيىدىكى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە 20 ماددىلىق ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن زور كۆلەمدىكى يەككە سودا - سانائەتچىلەر بازارلارغا كىرىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. سىياسىي كېڭەش يەنە بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا مېڭىش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئاساسىي قاتلام يېزا (مەيدان)لاردا مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نامراتلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش پىلانىنى تۈزۈشكە ياردەملەشتى.



شاپتول دېھقانلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاماقلىنىشى ئۈچۈن 49 مىڭ كىلوگرام بۇغداي ئىئانە قىلدى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئابلىمىت روزى خەۋىرى. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئۇنىۋېرسال مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش سىناق نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولغان پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شاپتول يېزىسى 1985- يىلدىن باشلاپ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى بىلەن دېھقانلار مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى كۈنىگە ئۈچ ۋاقلىق تاماق بىلەن ھەقسىز تەمىنلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەندى. بىراق، مال باھاسى ئۆسۈپ كەتكەچكە بۇ يىل يېزىنىڭ مائارىپ راسخوتى يېتىشمەي قالدى، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئۈچ ۋاق تاماق بىلەن ھەقسىز تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ يېزا ئۆز تەۋەسىدىكى 5200 ئائىلىنى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاماقلىنىشى ئۈچۈن ئاشلىق ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە دېھقانلار 49 مىڭ 50 كىلوگرام بۇغداي ئىئانە قىلدى.

كۆزدە تۇتۇپ، بىر سانتانا پىكاپ ئېلىپ بېرىپ، قاتناش قوراللىرىنى يېڭىلاپ بەردى؛ 18 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان نەشر قىلىنماي كېلىۋاتقان قورغاس ناھىيە تارىخىي ماتېرىياللىرى كىتابىنى نەشردىن چىقىرىشقا ياردەم بەردى؛ ئۆتكەن يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككى نەپەرنى بىۋاسىتە سىياسىي كېڭەشكە تەقسىم قىلىپ بېرىپ، سىياسىي كېڭەش كادىرلىرىنى ياشلاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈردى.

چىرا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش يېزىقچىلىق قابىلىيىتى بار كىشىلەرنى ئاجرىتىپ، چىرا ناھىيىسىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاپ، ناھىيىنىڭ تارىخىي تەزكىرىسىنى يېزىپ چىقىشقا كىرىشتى.

سۈرەتتە: ماتېرىيال توپلاشقا مەسئۇل يولداشلار توپلانغان ماتېرىياللارنى رەتلىمەكتە.

توختىروزى قۇربان فوتوسى

شىنجاڭ توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ، پايدا ئېلىشقا يۈزلەندى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋارىس تاھىر خەۋىرى. شىنجاڭ توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتى قۇرۇلغان بەش يىلدىن بۇيان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 20 مىڭ ئۇرچۇقتىن ئاشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، بازارلارنىڭ كاساتلىشىشى تۈپەيلىدىن، مەھسۇلاتلار بېسىلىپ قېلىپ، كارخانا بىر مەزگىل قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

شىركەت بۇنداق ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، شىركەتتىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىنى ئەقىل كۆرسىتىشكە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كۆپ خىل ئەۋزەل پايدىلىق شارائىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، قەد كۆتۈرۈشكە يۈزلەندى. بۇ شىركەت ئۆز قارمىقىدىكى كارخانىلارغا ئۈلگە بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. كارخانىلارنىڭ بىسىمىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، مەبلەغنى ئۆزى ھەل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن شىركەت قارمىقىدىكى كارخانىلار قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول تېپىپ، بۇلتۇرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ زىيان تارتىش ھالىتىگە خاتىمە بەردى. ھازىر بىر قىسىم كارخانىلار ئىقتىسادىي ئەھۋالغا قاراپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 80 يۈەندىن ئىش ھەققى قوشۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا شىركەتكە قاراشلىق ئىگىرىش، توقۇش ۋە بوياش زاۋۇتلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزمىگەن شەرت ئاستىدا، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىلىرىنى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، «تەيۈەن- شىنجاڭ ئىلمە توقۇلما ھەسسىدارلىق شىركىتى»، «ئاسىيا - ئامېرىكا كاناپ توقۇش ھەسسىدارلىق شىركىتى» قاتارلىق جۇڭگو ۋە چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى ئالتە شىركەتنى قۇرۇپ، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلدى ۋە راۋاجلاندۇردى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا پوچتا يوللانمىلىرىنى ئاپتوماتىك ئايرىش ماشىنىسى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز خالىق ئوسمان خەۋىرى. ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى پوچتا يوللانمىلىرىنى ئاپتوماتىك ئايرىش ماشىنىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىي يوپىز ئىستانسىسى پوچتا تۈگۈنى بىناسىدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

سائەتتە 30 مىڭدىن 40 مىڭغىچە پوچتا يوللانمىسىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان بۇ ماشىنا ئىسپانىيىدىن كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەگەر 24 سائەت تولۇق ئىشلىتىلسە 100 ئادەمنىڭ خىزمىتىنى قىلالايدۇ. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىز پوچتا- تېلېگراف ساھەسىدىكى زامانىۋىلىشىشنىڭ بىر نامايەندىسى. بۇ ماشىنا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پوچتا ئابونتلىرىنىڭ ئۆلچەملىك كونۋېرت ئىشلىتىشى، پوچتا ۋەكالەت نومۇرىنى تولۇق، توغرا يېزىشنى تەلەپ قىلماقتا.



غۇلجا شەھىرىدە بۇ يىل 8 - ئايغا قەدەر، ئاممىۋى تېلېفون نۇقتىلىرى 200 دىن ئېشىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تېلېفون ئالاقە ئىشلىرى ئاسانلاشتى.

سۈرەتتە: شەھەر ئاھالىلىرى تېلېفون بەرمەكتە.

كامال جامال فوتوسى

مائارىپقا ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ياردەم بېرەيلى

قىسقا ئوبزور

بىر مىللەتنىڭ ساپاسى مائارىپ ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. مائارىپقا قانچىكى ئېتىبار بېرىلسە، دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ ئىقتىسادى، پەن - مەدەنىيىتى شۇنچىغا ئەگىشىپ يۈكسىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپقا ياردەم بېرىش توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ھۆججەت، بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىپ، جەمئىيەتنى مائارىپنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللاشقا چاقىرغان بولسىمۇ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مائارىپقا بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، بۇنىڭ ئۈنۈمى دېگەندەك زور بولمىدى. ئەمما، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شاپتول يېزىسى 1985- يىلدىن ئېتىبارەن باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى بىلەن دېھقانلار مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، باشلانغۇچ مائارىپىنىڭ ئۈلىنى پىششىقلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىش نىسبىتىنى ئاشۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىنىڭ ياردىمىگە قاراپ ئولتۇرماستىن دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ يول ئېچىپ، مائارىپقا، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى، دەپ بىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى كۈنىگە ئۈچ ۋاق تاماق بىلەن ھەقسىز تەمىنلەشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، مائارىپ ئىشلىرىغا ئەمەلىي ياردەم بەرگەن. شاپتول يېزىسىنىڭ بۇ تەجرىبىسى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئەرزىيدۇ.

ئاسكۇل ئابدۇرېھىم يەسلى قۇردى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئابدۇللا ئەمەت خەۋىرى. ئىلگىرى گۇما ناھىيىسىدە مەخسۇس مىللىي بالىلار يەسلىسى يوق بولۇپ، بەزى مەكتەپلەر قوشۇمچە يەسلى سىنىپلىرىنى تەسىس قىلغان بولسىمۇ، بەزىبىر قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق ئەمەس ئىدى. يېقىندا ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى ھەم ئىلغار تەربىيىچى ئاسكۇل ئابدۇرېھىم ئۆز خىراجىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، يىلىغا 100 نەپەر بالا تەربىيىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق، يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن يىللىق سىنىپلار تەسىس قىلىنغان خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى مىللىي بالىلار يەسلىسى قۇرۇپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇ يەسلىدە ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار ئېلىپبە، ھېساب، مۇزىكا، تەنتەربىيە، رەسىم، ساغلاملىق تەربىيىسى، گۈزەللىك تەربىيىسى، يول يۈرۈش قائىدىسى قاتارلىق سەككىز خىل پەن - تۈرى بويىچە سىستېمىلىق تەربىيىلىنىدۇ.

ئۈجمە شەربىتى بازارغا كىردى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ھېكىم مەتسېيىت خەۋىرى. گۇما ناھىيىسى 1992 - يىلدىن باشلاپ ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئۈجمە شىرنىسى زاۋۇتى قۇرغان ئىدى. بۇ زاۋۇت بۇ يىل 4- ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، مەھسۇلات تۈرىنى 11 خىلغا يەتكۈزدى. بۇ زاۋۇت 60 مىڭ بوتۇلكىدىن كۆپرەك ئۈجمە شەربىتى ۋە باشقا ئىچىملىكلەرنى ئىشلەپ بازارلارنى تەمىنلىگەندىن باشقا، يەنە بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنى 1994- يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلماقتا.

بۇ بەتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
تۇرسۇن شەمشى

بىرلىكسەپ يېڭى تارىخىي دەۋردە يەنىلا مۇھىم بىر ئەنگۈشتەر

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىدىن تۇراپ ياسىن

بىرلىكسەپ ــ يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر ۋە سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ كەڭ ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت.

تارىخنى ئەسلەپ كۆرگىنىمىزدە، 1948 - يىلى ماركس، ئېنگېلسنىڭ «كومپارتىيە خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا ماركسىزملىق بىرلىكسەپ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى بولغان ئىدى، شۇنداقلا «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشىڭلار» دېگەن بۈيۈك چاقىرىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى.

يولداش ماۋزېدۇڭ 1939 - يىلىلا بىرلىكسەپنىڭ پۈتكۈل جۇڭگو ئىنقىلابىدا تۇتقان ئورنى ۋە رولىنى شەرھلەپ: «بىرلىكسەپ، قوراللىق كۈرەش، پارتىيە قۇرۇلۇشى ــ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىدا دۈشمەننى يېڭىشنى تەمىن ئېتىدىغان ئۈچ چوڭ ئەنگۈشتەر، ئۈچ ئاساسىي ئەنگۈشتەر» دېگەن ئىدى. 1922 - يىل 7 - ئايدا چاقىرىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيىدا «دېموكراتىك ئاساستا بىرلىشىش سېپى توغرىسىدىكى قارار لايىھىسى» ماقۇللاندى. 1923 - يىل 6 - ئايدا چاقىرىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيىدا تونۇش يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، «مىللىي ھەرىكەت ۋە گومىنداڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارار لايىھىسى» ماقۇللىنىپ، بىرلىكسەپ ئورنىتىش سىياستى ئېنىق بېكىتىلدى.

1924 - يىل 1 - ئايدا چاقىرىلغان گومىنداڭنىڭ 1 - قۇرۇلتىيىدا كومپارتىيە ئەزالىرى، سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ شەخسىي سالاھىيەت بىلەن گومىنداڭ تەشكىلاتىغا قاتناشسا بولىدىغانلىقى ماقۇللىنىپ، روسىيە بىلەن بىرلىشىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىرلىشىش، ئىشچى - دېھقانلارغا يار - يۆلەكتە بولۇشتەك يېڭى دېموكراتىزملىق تۈزۈم بېكىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ بىرلىكسېپى ئورنىتىلىپ، ئىنقىلاب دولقۇنى ئىلگىرى سۈرۈلدى. لېكىن چياڭ جېيشى ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىش تۈپەيلىدىن چوڭ ئىنقىلاب مەغلۇپ بولدى.

1931 - يىلى «18 - دېكابىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىلەن ياپون جاھانگىرلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاساسلىق زىددىيەت بولۇپ قالدى. دەل مۇشۇ چاغدا يولداش ماۋزېدۇڭ «بىرلىكسەپنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا ۋە ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. لېكىن پارتىيە ئىچىدە ئۈچ قېتىم «سول» چىللىق خاتالىقى يۈز بېرىپ، ئىنقىلاب ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

1935 - يىلى زۇنيى يىغىنىدا، ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، مىللىي بىرلىكسەپ بەرپا قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1936 - يىلى «12 - دېكابىر» شىئەن ۋەقەسىدىن كېيىن، چياڭ جېيشى ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە ئورتاق قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە، كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭ ھەمكارلىقى ئاساس قىلىنغان ياپونغا قارشى 2 - قېتىملىق مىللىي بىرلىكسەپ رەسمىي شەكىللەندى.

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاخىرى غەلىبىگە ئېرىشەلىشى ــ ماركسىزم، لېنىنىزم جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا خەلق دېموكراتىيىسى بىرلىكسېپىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى. دېمەك بۇنىڭدىن پارتىيىمىزنىڭ ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش دەۋرىدە ۋەزىيەت، ۋەزىپە ۋە يېتىدىغان مەقسەتنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىرلىكسەپ تۈزۈشكە، قوراللىق كۈرەشنى بوشاشتۇرماي ئېلىپ بېرىشقا ھەمدە بۇ ئىككى تەرەپكە رەھبەرلىك قىلىدىغان پارتىيە قۇرۇلۇشىغا باشتىن - ئاخىر ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرىگە قەدەم قويدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپمۇ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قاراپ ماڭدى. بىرلىكسەپنىڭ دائىرىسى تارايماستىن بەلكى چوڭ قۇرۇقلۇق دائىرىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزمنى سىياسىي ئاساس قىلىدىغان بارلىق ئەمگەكچىلەر ۋە ۋەتەنپەرۋەرلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىدىغان ئىتتىپاقتىن تەرەققىي قىلىپ، چوڭ قۇرۇقلۇق سىرتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەر بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ھىمايە قىلىشنى سىياسىي ئاساس قىلىدىغان تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ۋە دۆلەت سىرتىدىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىدىغان ئىتتىپاققا كېڭەيدى.

باش شۇجى جياڭ زېمىن بىرلىكسەپنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابتىكى رولىنى شەرھلەپ: «بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسېپىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى پارتىيە ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك فاڭجېن قىلىشىمىز، ئۇنىڭدىن قىلچە تەۋرەنمەسلىكىمىز كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسېپىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ستراتېگىيىلىك فاڭجېن ئىكەنلىكىنى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە، دۆلەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋالالايمىز.

بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك سوتسىيالىزم تۇغى ئاستىدا، پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپكە دائىر لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، بىرلىكسەپنىڭ مۇھىملىقى، زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىكىنى ئىدىيە جەھەتتىن چوڭقۇر تونۇپ، بىرلىكسەپنى پارتىيىنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرى، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەندىلا بولساق، دۆلىتىمىزنىڭ جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشالايمىز.

ئۈرۈمچىدىن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرۇش تەس بولۇش مەسىلىسى ھەل بولۇش ئالدىدا

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز خالىق ئوسماننىڭ 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان شىئەن - لەنجۇ - ئۈرۈمچى ئوپتىكلىق كابېل ۋە سۈنئىي ھەمرا تېلېفون توك يولىنى ئىشلىتىشنى ماسلاشتۇرۇش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايون شىنجاڭدا يېڭىدىن 1350 لىنىيە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون توك يولى كۆپەيتىپ بېرىشنى قارار قىلغان.

بۇنىڭ ئىچىدە 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن بۇرۇن ئېچىلىدىغان سۈنئىي ھەمرا تېلېفون توك يولى جەمئىي 570 لىنىيە بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن - بېيجىڭغا؛ ئۈرۈمچىدىن - شاڭخەيگە؛ ئۈرۈمچىدىن - گۇاڭجۇغا؛ ئۈرۈمچىدىن - شېنياڭغا تۇتاشتۇرۇلدى. 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن بۇرۇن ئېچىلىدىغان ئوپتىكلىق كابېل تېلېفون توك يولى جەمئىي 780 لىنىيە بولۇپ، بۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرىدە رايون، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ 10 - قېتىملىق [illegible]

ئۆز مۇخبىرىمىز مەڭلىك موللا ئەمەت خەۋىرى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى رايون، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ 10- قېتىملىق توغرا لىنىيىلىك ئالاقىلىشىش يىغىنى يېقىندا يېڭى شەھەر رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى ھەرقايسى رايون، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمەتلىرى ئۈستىدە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، كېڭىشىش بولدى.

يىغىندا ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى دەي جېنخۇا بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا سۆز قىلىپ، سىياسىي كېڭەش خىزمەتلىرىدىكى مۇھىم نۇقتا ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ قانداق قىلغاندا سىياسىي كېڭەش خىزمەتلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوللىنىشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىش، سىياسىي كېڭەش خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىتتىپاقلىشىش، ئالغا بېسىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ يۇقىرى ئۈنۈم قازىنىش ئۈچۈن ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك، دەپ قارىدى.

غۇلجا شەھەرلىك سۈت پاراشوكى زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى رەسۇل مۇھەممەد بەش يىلدىن بۇيان سۈت تازىلاش ماشىنىسى ئالدىدا كۈنىگە ئون سائەتلەپ ئىشلەپ، سۈت پاراشوكى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىزچىل تۈردە 1 - دەرىجىلىك بولۇپ بازار تېپىشىغا ھەسسە قوشقانلىقتىن ھەر يىلى «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

سۈرەتتە: رەسۇل (ئوتتۇرىدىكى كىشى) كەسپداشلىرىغا سۈت تازىلاش ماشىنىسىنى تازىلاشنى ئۆگەتمەكتە.

كامال جامال فوتوسى

ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش...

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز راخمان مەھەممەتئىمىن خەۋىرى. ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكلىپ كومىتېتى بىلەن ئۆگىنىش كومىتېتى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ئوبلاستنىڭ ۋە غۇلجا شەھىرىنىڭ بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق جەمئىيەت ئامانلىقى توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئوبلاستلىق ۋە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئەزالار دوكلاتتىن كېيىن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تۈزەپ ياخشىلاشتا جەمئىيەت بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ ياخشى ئىشلىگەندىلا جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تۈزۈش سىياسىتى ئېنىق بېكىتىلدى.

1924 - يىل 1 - ئايدا چاقىرىلغان گومىنداڭنىڭ 1 - قۇرۇلتىيىدا كومپارتىيە ئەزالىرى، سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ شەخسى سالاھىيەت بىلەن گومىنداڭ تەشكىلاتىغا قاتناشسا بولىدىغانلىقى ماقۇللىنىپ، روسىيە بىلەن بىرلىشىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىرلىشىش، ئىشچى - دېھقانلارغا يار - يۆلەكتە بولۇشتەك يېڭى دېموكراتىزملىق تۈزۈم بېكىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ

ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش دەۋرىدە ۋەزىيەت، ۋەزىپە ۋە يېتىدىغان مەقسەتنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىرلىكسەپ تۈزۈشكە، قوراللىق كۈرەشنى بوشاشتۇرماي ئېلىپ بېرىشقا ھەممىدە بۇ ئىككى تەرەپكە رەھبەرلىك قىلىدىغان پارتىيە قۇرۇلۇشىغا باشتىن - ئاخىر ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرىگە قەدەم

چوڭقۇر چۈشىنىۋالالايمىز.

بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك سوتسىيالىزم تۇغى ئاستىدا، پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپكە دائىر لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، بىرلىكسەپنىڭ مۇھىملىقى، زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىكىنى ئىدىيە جەھەتتىن چوڭقۇر تونۇپ، بىرلىكسەپنى پارتىيىنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرى، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرىدىغانلا بولساق، دۆلىتىمىزنىڭ جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشالايمىز.

ئەھۋال ئىگىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئوبلاستلىق ۋە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئەزالار دوكلاتتىن كېيىن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك تۈزەپ ياخشىلاشتا جەمئىيەت بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ ياخشى ئىشلىگەندىلا جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.



غۇلجا شەھەرلىك سۈت پاراشوكى زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى رەسۇل مۇھەممەد بەش يىلدىن بۇيان سۈت تازىلاش ماشىنىسى ئالدىدا كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ، سۈت پاراشوكى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىزچىل تۈردە 1 - دەرىجىلىك بولۇپ بازار تېپىشىغا ھەسسە قوشقانلىقتىن ھەر يىلى «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

سۈرەتتە: رەسۇل (ئوتتۇرىدىكى كىشى) كەسپداشلىرىغا سۈت تازىلاش ماشىنىسىنى تازىلاشنى ئۆگەتمەكتە.

كامال جامال فوتوسى

مۇزىكانت — ئەكرەم ئۆمەر

بىزنىڭ سەنئەتكارلىرىمىز

دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك مۇزىكانت، قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل، تىياتىر ئۆمىكىنىڭ غىجەكچىسى ئەكرەم ئۆمەر 1963 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1978 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، ئۆمەككە تەقسىم قىلىنغان 16 يىلدىن بۇيان ئۇ ھەر يىلى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئويۇن قويۇشلارغا قاتنىشىپ، غىجەك چېلىشتىكى ئۆزگىچە ماھارىتى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەدىئىي زوق بەخش ئېتىپلا قالماستىن، بېيجىڭ، يەنئەن قاتارلىق ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئويۇن قويۇشلارغىمۇ قاتنىشىپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئۇ يەنە تۇنىس، ياپونىيە، ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئويۇن قويۇشقا چىقىپ، يالغۇز غىجەك بىلەن 12 مۇقام نەغمىسىنى ئورۇنداپ، ئۇيغۇر سەنئىتىنى جاھانغا تونۇتۇشقا تۆھپە قوشتى. ئەكرەم ئۆمەر قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن كۆپ قېتىملىق مۇزىكا كۆرەكلىرىدە «لەيلىگۇل»، «ۋىسال ئارزۇسى»، «نۇرلۇق سەھەر»، «ئۇشاق مۇقامىنىڭ 1 - داستان مەرغۇلى» قاتارلىقلارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، ئۇدا 1 - دەرىجىلىك ئورۇندىغۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ كەلدى. ئۇ يەنە جىنەندە ئۆتكۈزۈلگەن مىللىي مۇزىكا كۆرىكىدە ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسى «لەيلىگۇل»نى ئورۇنداپ، مەملىكەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئورۇندىغۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا شان - شەرەپ كەلتۈردى. ئەكرەم ئۆمەر ئىجاد قىلغان «قەدىردان ئاتام»، «بەلدىگىمۇ يار»، «تويى ئوينايمىز ئاي شاردىما»، «ياتلاشقان ئاچا - سىڭىللار» قاتارلىق ناخشا، شەرقىيە ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە 1، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. ئەكرەم ئۆمەر ھازىر مەملىكەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

(تەلئەت تۇردى تەييارلىغان)

يۇقىرى تېخنىكا دېگەن نېمە؟

يۇقىرى تېخنىكا دېگەن سۆز ئامېرىكىدىن تارقالغان بولۇپ، بۇ ھەقتە ھازىرغا قەدەر ئېنىقلىما يوق. ياپونىيە ھازىرقى زامان ئىلغار تېخنىكىسى بىلەن كېيىنكى ئەۋلاد ئىلغار پەن - تېخنىكىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان تېخنىكا گۇرۇپپىلىرىنى يۇقىرى تېخنىكا دەپ؛ فرانسىيە بىلىم زىچ توپلانغان سانائەتنى يۇقىرى تېخنىكا دەپ؛ ئامېرىكا بولسا كارخانىنىڭ شۇنداقلا مەھسۇلاتتىكى تېخنىكا مىقدارى بىلەن ئۇنىڭ سەۋىيىسىگە قارىتا بېرىلگەن باھانى يۇقىرى تېخنىكا، دەپ قارايدۇ. كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، يۇقىرى تېخنىكا — ئەڭ يېڭى پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا قۇرۇلغان ئاساسىي پرىنسىپ، شۇنداقلا بىر قەدەر يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالايدىغان، بىر قەدەر يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولغان، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە كەڭ دائىرىدە سىڭىپ كىرگەن يېڭى تېخنىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرى تېخنىكا — يۈكسەك ئەقىل - پاراسەت، نۇرغۇن مەبلەغ، كۈچلۈك رىقابەت، ئېغىر خېيىم - خەتەر، يۇقىرى ئۈنۈم ۋە كەڭ دائىرىدە سىڭىپ كىرىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار بىلىم ۋە تېخنىكا زىچلىقىنىڭ ماددىلاشقان جەۋھىرى بولغانلىقى ئۈچۈن قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولغان بولىدۇ.

يۇقىرى تېخنىكا ئادەتتە ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ: بىرىنچى تۈردىكىسى ئاۋئاتسىيە، ئالەم قاتنىشى، ئاتوم ئېنېرگىيىسى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىقلار. ئىككىنچى تۈردىكىسى، مىكرو ئېلېكتر بىرگەۋدە قىلىنغان ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، يېڭى ماتېرىيال، بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى، يېڭى ئېنېرگىيە، لازېر نۇرى تېخنىكىسى قاتارلىقلار. كىشىلەر ئالدىنقىسىنى قىيىن ۋە مۇرەككەپ تېخنىكا، كېيىنكىسىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك تېخنىكا ياكى «ئومۇملاشقان» يۇقىرى تېخنىكا دەپ ئاتايدۇ.

(ئا. ئابدۇراخمان تەرجىمىسى)

ئالتاي ۋىلايىتىدە دىنىي خىزمەت ياخشى ئىشلەنمەكتە

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئالىم ئابدۇراخمان خەۋىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى دىنىي زاتلارغا قارىتا تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆگىنىش، تەشۋىق - تەربىيە ئارقىلىق كەڭ دىنىي زاتلارنىڭ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ سەۋىيىسىنى، ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈردى. ھەر دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلار ئاچقان دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسلىرى 38 قاراردىن ئېشىپ، قاتناشقانلار 940 كىشىگە يەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دىنىي زاتلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا، نامراتلارغا ئىئانە قىلغان پۇلى 124 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. ناھىيە ۋە ۋىلايەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن «بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى» 15 كە، «بەشتە ياخشى دىنىي زات» 48 كىشىگە يەتتى، ئۇلار يەنە مەبلەغ قىس ئەھۋالدا ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تۆت ئاي ۋاقىت جەريانىدا ۋىلايەت بويىچە ئالتە ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ 42 يېزا، 100 دىن ئارتۇق كەنتىنىڭ بارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى، 117 دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى. 102 ئورۇندا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى تەشكىل قىلدى.

بۇ بەتنىڭ مۇھەررىرى: گۈلنۇر تۇرسۇن

دۇنيادىكى 500 چوڭ كارخانا رەتكە تىزىپ چىقىلدى

1993 - يىلى دۇنيادىكى 500 چوڭ كارخانىنىڭ رەت تەرتىپى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ھەممىباب ئاپتوموبىل شىركىتى 133 مىليارد 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق سېتىش سوممىسى بىلەن 1 - ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئالدىنقى 10 - لىكىگىچە بولغان باشقا كارخانىلارنىڭ رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىدەك: فورد ئاپتوموبىل شىركىتى (ئامېرىكا)، ئېكىرسېن نېفىت شىركىتى (ئامېرىكا) ئەنگلىيە، گوللاندىيە «قاسراق» نېفىت شىركىتى (ئەنگلىيە، گوللاندىيە)، فېڭتيەن ئاپتوموبىل شىركىتى (ياپونىيە)، رىلى ياساش شىركىتى (ياپونىيە)، خەلقئارا سودا ماشىنىلىرى شىركىتى (ئامېرىكا)، سۇڭشىيا ئېلېكتر سايمانلىرى كەسپىي شىركىتى (ياپونىيە)، ھەممىباب ئېلېكتر شىركىتى (ئامېرىكا) ۋە دايمېلىر - بېنتس شىركىتى (گېرمانىيە).

(ماتېرىيالدىن)

مەملىكىتىمىزدە ھەر يىلى 200 مىڭ ئادەم دورا يېيىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدىكەن

سەھىيە مىنىستىرلىكى دورىلارنىڭ ئەكس تەسىرىنى تەتقىق قىلىش مەركىزىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىزدە داۋالانغان بىمارلار ئىچىدە ھەر يىلى 192 مىڭ كىشى دورىنىڭ ئەكس تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. بۇنداق بولۇشىدا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك سەۋەب بار ئىكەن:

1. بىمارلارنىڭ بىلەلمەسلىك سەۋەبىدىن يېنىك كېسەلگە كۈچلۈك دورا يېيىش، كېسەل بولمىسىمۇ دورا يېيىش.

2. كۆپلىگەن كىشىلەر «چوڭ قازاننىڭ دورىسى»نى يەيدىغان بولغاچقا يېمەي ئۆتكۈزۈۋېتىشكە كۆزى قىيماسلىق.

3. كۆپلىگەن دوختۇرخانىلارنىڭ دورىلارنى نازارەت قىلىشى يېتەرلىك بولماسلىق.

(مامۇت بارات تەرجىمىسى)

دوختۇرغا كۆرۈنۈش قىبلىنامىسى

شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەن «خېڭدا» مەخسۇس كېسەللىكلەر ئامبۇلاتورىيىسى

ئۈرۈمچى شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى «خېڭدا» مەخسۇس كېسەللىكلەر ئامبۇلاتورىيىسى ئەرلەر كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى جاۋدوختۇر كۆپ يىللىق كلىنىكىلىق داۋالاش جەۋھەرلىرىنى توپلاپ، جۇڭگوچە ۋە غەربچە داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن ھازىرقى زامان ئەرلەر كېسەللىكلىرى ئىلمىنى قوللىنىپ، ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئاجىزلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالايدۇ. مەسىلەن، ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىق، مەنىي بالدۇر كېتىش، پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارى بولماسلىق، ئۇرۇق پۇچەك بولۇش، ئېھتىلام بولۇش قاتارلىق باشقا ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىق كېسەللىكلىرى، مەزى بېزى ياللۇغى، سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىشىدىن بولغان ھەر خىل سۈيدۈك كۆپ كېلىش، سۈيدۈك قىستاش، سىيگەندە چىڭقىلىپ ئاغرىش، ئۇرۇقدان ئاغرىش، زەكەر بېشىدىن ئاق سۇيۇقلۇق ئېقىش، (بولۇپمۇ ھۆل سۆگەلنى داۋالاشتا ئالاھىدە ئۈنۈمگە ئېرىشتى) ھېيت - بايرام، يەكشەنبە كۈنلىرى دەم ئالمايدۇ. يىراقتىكى بىمارلار كېسەلنى توغرىلىق خەت يازسا چوققۇم جاۋاب قايتۇرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى شىمالىي 4 - كوچا، يېزا ئىستانسىسىدىن 10 - يول كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ، قارغۇ بۆيۈملار بېكىتىدە چۈشسىڭىز بولىدۇ.

پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون نومۇرى: 263755 نى ئېلىپ 1 - نومۇرلۇق تارماق تېلېفونغا ئۇلاتسىڭىز بولىدۇ.

چاقىرغۇ نومۇرى: 261234 نى ئېلىپ 1176 گە ئۇلاتسىڭىز بولىدۇ.

مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرەيلى

ئەركىن توختىنىياز، سەمەر سادىق

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا مېڭىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن نادانلىقنى تۈگىتىشكە توغرا كېلىدۇ. خەلقنىڭ ئەقىل بولىقىنى ئېچىش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ پۈتۈن مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ـ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى جىددىي مەسىلە. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى غايىمىزدىكىدەك بولمايدۇ؟ بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبى مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، مىللەتنىڭ ساپاسى تۆۋەن.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلىتىشتە بىز چوقۇم مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا نىسبەتەن كۈچلۈك تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، مائارىپنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشىمىز لازىم. شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 64 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. دېمەك، مىللىي مائارىپ پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مىللىي مائارىپنى ياخشى يولغا قويۇش ـ مىللەتلەر خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ كەلدى. بىز بۇ مەسىلىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر مىللىي مائارىپ ياخشى يولغا قويۇلمىسا، مائارىپنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلمىسە، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قىيىن بولىدۇ.

بىز مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ۋە ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى كۈچەيتىپ، مىللىي مائارىپ خىزمىتىدە تېزدىن يۈكسىلىش ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك. مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ مەقسىتى ـ مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپرەك يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ سانىغىلا ئەمەس سۈپىتىگىمۇ كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. سۈپەتنى ئۆستۈرۈش مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ چىقىش نۇقتىسى. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا خېلى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالماي قالدى. بەلگىلىك ساندىكى تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆلچەمگە يەتمەيدۇ؛ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىمۇ ئوقۇتۇش مېتودى ئۆلچەمگە يەتمەيدۇ. شۇڭا بىز ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ئۇلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي قۇرۇلۇش سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتۇش ئىستىلىنى توغرىلاپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىشىمىز كېرەك.

بالىلاردا سەت گەپ قىلىش ئادىتى شەكىللىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك

نۇرمۇھەممەت روزى

ھازىر ئائىلىدە تەربىيە ئېلىۋاتقان، تېخى مەكتەپ يېشىغا توشمىغان بىر قىسىم بالىلار، چوڭلار ۋە ئاتا ـ ئانىلار ھەمدە تەڭتۇشلىرى بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا ھەر خىل بولمىغۇر سەت گەپلەرنى بىلىپ ـ بىلمەي قىلىپ چوڭلارنىڭ «ئەيىب»لىشىگە قالسا، ئاتا ـ ئانىلارنى خىجالەتچىلىككە قالدۇرىدۇ. تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا بولسا «ئەسكى بالا»دەپ قارىلىدۇ. بالىلاردا بۇ خىل سەت گەپ قىلىش ئادىتى قانداق يېتىلىدۇ؟ بۇ خىل ئادەتنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش كېرەك؟ بۇ، بالىلارنى ياخشى تىل ئادىتىگە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشتە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە، بالىنى بېقىشنىلا بىلىپ تەربىيىلەشكە سەل قاراش بىر خىل مەسئۇلىيەتسىزلىك بولۇپ كەلگۈسىگە سەل قارىغانلىق. بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرى بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاندا يەڭگىللىك قىلىپ قاپىقىنى تۈرۈپ، ئېغىزىنى بۇزۇپ سەت سۆزلەر بىلەن كىچىككىنە بالىنى تىللايدۇ. بۇ ۋاقىتتا بالىلار قورقۇپ جىم تۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ سەت گەپلىرى ۋە قوپال ھەرىكەتلىرى سەبىي بالىلارنىڭ قەلبىگە ئورناپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلاردا سەت گەپ قىلىدىغان، قوپال ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خاراكتېر يېتىلىپ قالىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئاتا ـ ئانىلار ئەمدىلا تىلى چىقىشقا باشلىغان بالىلىرىنى ھەر خىل بولمىغۇر گەپلەر بىلەن ئەركىلىتىدۇ. نەتىجىدە ئەمدىلا تىلى چىقىشقا باشلىغان بالىلار چوڭلارنىڭ بولمىغۇر سۆزلىرىنى دوراپ ئۆگىنىۋالىدۇ ـ دە، ئۆز تەڭتۇشلىرىنى ۋە ئۆزىنى ئەركىلەتكەن چوڭلارنى ئۆزى ئۆگىنىۋالغان سەت گەپلەر بىلەن تىللايدۇ. نەتىجىدە بۇ سەبىيلەردە كىچىكىدىن باشلاپلا ناچار پىسخىك يېتىلىشكە باشلايدۇ. بىز بالىلارنى چىرايلىق تىل، گۈزەل خۇلققا ئىگە ئەدەبلىك قىلىپ تەربىيىلەش مەقسىتىگە يېتەكچى بولىدىكەنمىز، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار بالىلارنىڭ ئالدىدا گەپ ـ سۆز ۋە ھەرىكەتتە، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتتە جەزمەن چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىشقا، ھەرىكەتتە سىلىق بولۇشقا دىققەت قىلىشىمىز، بالىلار ھەرقانچە ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلسىمۇ سەت تىل بىلەن ئەيىبلىمەسلىكىمىز كېرەك. بىز پەرزەنتلىرىمىزگە قانداق مۇئامىلە قىلساق ئۇلارمۇ بىزدىن شۇنى ئۆگىنىدۇ. شۇ بويىچە بىزگە جاۋاب قايتۇرىدۇ. چۈنكى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولىدىغان تۇنجى ئوقۇتقۇچى. ئائىلە ـ بالىلارنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەيدىغان تۇنجى مەكتەپ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى چىرايلىق تىل، گۈزەل ئەخلاققا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش، بالىلار سەت گەپ، قوپال ھەرىكەتتە بولغاندا سەۋرچانلىق بىلەن بالىلارغا تەربىيە بېرىش، سەت سۆزلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئۇنداق قىلماي ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەندە بالىلارنى باشقۇرغىلى بولماي قالىدۇ ـ دە، كېيىنچە ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان پۇشايمانغا قالىمىز. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالا تەربىيىلەشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىش ئۈچۈن پەرزەنتلىرىنى گۈزەل تىل، ياخشى ئەخلاققا ئىگە ئىلمىي كىشىلەردىن قىلىپ چىقىش يولىدا بىر ئۆمۈر ئىزدىنىشى لازىم.



486 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 836 كۋادرات مېتىر كۆلەمگە ئىگە پوسكام ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى بىناسى ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى ۋە پوسكام ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ زىچ ھەمكارلىشىشى نەتىجىسىدە يېقىندا پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

سۈرەتتە: شىنخۇا كىتابخانىسى بىناسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى.

تۇرسۇن تۇردى فوتوسى

ئىلى ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش...

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئابلىكىم ھاپىز خەۋىرى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئىلى ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە يېقىندىن ماسلىشىش ئۈچۈن سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا پائال يېتەكلەپ، ئەزالار ئارىسىدا «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە باشلامچى بولۇش، بىرنى قوللاش»ۋە «بەشتە بىر بولۇش»پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى باشلامچىلىق بىلەن دېھقانلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشىغا ياردەملىشىش، ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، ئىلغار پەن ـ تېخنىكا، مەبلەغ سېلىش تۈرلىرى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈش جەھەتلەردە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

مىڭ يىلدىن كېيىنكى دۇنيا

بەزى ئالىملار ۋە كەلگۈسىشۇناسلارنىڭ ئالدىن مۆلچەرلىشىچە كەلگۈسىدىكى 1000 يىلدا ئىنسانلار غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرىدىكەن: 2100 ـ 2200 ـ يىللىرىچە ئاياللار ئەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەيدىكەن، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ھازىرقىدىن ئىككى ھەسسە ئېشىپ كېتىدىكەن.

2200 ـ 2300 ـ يىللىرىچە ئاپتوموبىل شوپۇرنىڭ رايىغا باقىدىكەن. تېلېفون ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى يوقىتىپ، كىشىلەر ئالتىنچى سېزىمىغا تايىنىپ پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرىدىكەن. 2300 ـ 2400 ـ يىللىرىچە نوپۇس شىددەت بىلەن كۆپىيىپ دېڭىز يۈسنى ۋە چۆپى كىشىلەرنىڭ ئوزۇقلۇقى بولۇپ قالىدىكەن. 2400 ـ 2500ـ يىللىرىچە قىسمەن ئادەملەر تاشقى پىلانىتقا ماكانلىشىدىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر دېڭىز ئاستى شەھەرلىرىگە ماكانلىشىدىكەن. 2500 ـ 2600 ـ يىللىرىچە سامان يولى سىستېمىسىدا باشقا بىر خىل «ئىنسانلار»نىڭ بارلىقى بىلىنىدىكەن ھەمدە بىر مەيدان «پىلانېتلار ئارا ئۇرۇش»يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىكەن. 2600 ـ 2700 ـ يىللىرىچە ئادەم تېنىدىكى پۈت-قول ھەتتا باشنى خالىغان ۋاقىتتا يەڭگۈشلىگىلى بولىدىكەن. 2700 ـ 2800 ـ يىللىرىچە نۇرغۇن ئاھالىلەر باشقا پلانېتقا ماكانلىشىدىكەن. يەر شارىدىكى ئاھالىلەر ئۈزلۈكسىز كېمىيىدىكەن. 2800 ـ 2900ـ

تاجىكىستان زور تىپتىكى ئالتۇن-كۈمۈش تاۋلاش زاۋۇتى قۇردى

تاجىكىستان يىللىق مەھسۇلاتى ئون توننا ئالتۇن ۋە 40 توننا كۈمۈش ئىشلەپچىقىرالايدىغان زامانىۋى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدىن بىرنى قۇردى. تاجىكىستان يەر ئاستى بايلىقى مول دۆلەت بولۇپ، ئىلگىرى بۇ يەردىن چىققان

م د ب ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى

يېقىن يىل ھارپىسىدا دۇنيادىكى 207 مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئىنكاس قىلىنغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «دۇنيا بانكىسى ئاتلىسى» ئېلان قىلىندى. بۇ كۆرسەتكۈچ بويىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەركىبىدىكى جۇمھۇرىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ «بايلىرى» بېلورۇسىيە

تۇريان شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش...

ئىلى ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش...

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئابلىكىم ھاپىز خەۋىرى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئىلى ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە يېقىندىن ماسلىشىش ئۈچۈن سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا پائال يېتەكلەپ، ئەزالار ئارىسىدا «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە باشلامچى بولۇش، بىرنى قوللاش» ۋە «بەشتە بىر بولۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى باشلامچىلىق بىلەن دېھقانلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشىغا ياردەملىشىش، ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، ئىلغار پەن - تېخنىكا، مەبلەغ سېلىش تۈرلىرى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈش جەھەتلەردە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

تۇرپان شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش...

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز كېرەم تۇرسۇن خەۋىرى. يېڭى نۆۋەتلىك تۇرپان شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقى ئارقىلىق تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى قۇردى ۋە مەسئۇل خادىملارنى بېكىتتى. يېقىندا يەنە ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىپ تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى ھەمدە يىل ئاخىرىغىچە ئىككى كىتاب («خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە») نەشر قىلدۇرۇشنى قارار قىلدى.

بۇ بەتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىنجان ئۆمەر

486 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 836 كۋادرات مېتىر كۆلەمگە ئىگە پوسكام ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى بىناسى ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى ۋە پوسكام ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ زىچ ھەمكارلىشىشى نەتىجىسىدە يېقىندا پۈتتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

سۈرەتتە: شىنخۇا كىتابخانىسى بىناسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى.

تۇرسۇن تۇردى فوتوسى

م د ب ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى

يېڭى يىل ھارپىسىدا دۇنيادىكى 207 مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئىنكاس قىلىنغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «دۇنيا بانكىسى ئاتلىسى» ئېلان قىلىندى. بۇ كۆرسەتكۈچ بويىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەركىبىدىكى جۇمھۇرىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ «بايلىرى» بېلارۇسىيە ۋە ئېستونىيە بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ سانىغا قاراپ ئېلىنغان پايدا كۆرسەتكۈچى 2910 ۋە 2750 دوللار. ئۇلاردىن كېيىن روسىيە، لاتۋىيە، قازاقىستان، ئۇكرائىنا، لىتۋا، تۈركمەنىستان، مولداۋىيە، ئەزەربەيجان، ئۆزبېكىستان، گرۇزىيە، قىرغىزىستان، ئەرمەنىستان ۋە تاجىكىستانلار تۇرىدۇ. بۇ قاتاردىكى تاجىكىستاندىن باشقا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بىر قەدەر ھاللىق مەملىكەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ. تاجىكىستان «كەمبەغەللەر قاتارىغا» كىرىدۇ. ئۇنىڭ 1992 - يىلى ئاھالىلەر سانىغا بۆلۈنگەن پايدا ئاران 480 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ قازاقىستان بىلەن سېلىشتۇرغاندا تەخمىنەن 3.5 ھەسسە تۆۋەن تۇرىدۇ.

(ماتېرىيالدىن)

تاجىكىستان زور تىپتىكى ئالتۇن - كۈمۈش ئاۋلاش زاۋۇتى قۇردى

تاجىكىستان يىللىق مەھسۇلاتى ئون توننا ئالتۇن ۋە 40 توننا كۈمۈش (ئىشلەپچىق)ىرالايدىغان زامانىۋى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدىن بىرنى قۇردى. تاجىكىستان يەر ئاستى بايلىقى مول دۆلەت بولۇپ، ئىلگىرى بۇ يەردىن چىققان ئالتۇن رودىلىرىنى روسىيىگە ئېلىپ بېرىپ پىششىقلايتتى. ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت ئامبىرىغا تاپشۇراتتى. ھازىر بۇ بايلىق 4 مىليوندىن كۆپرەك نوپۇسقا ئىگە بۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ئۈچۈن مۇھىم بىر تۈۋرۈك بولۇپ، تاجىكىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي كىرىزىستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان دەسمايە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر بۇ يەرە ئىتالىيىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۈسكۈنىلەردىن قۇراشتۇرۇلغان زىننەت بۇيۇملىرى ياسايدىغان [illegible]دىن بىرى ئىش قۇرۇلدى.

(ماتېرىيالدىن)

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرىدىن

ئوتتۇرىچە ئۆمرى ھازىرقىدىن ئىككى ھەسسە ئېشىپ كېتىدىكەن.

2200 – 2300 - يىلىغىچە ئاپتوموبىل شوپۇرىنىڭ رايىغا باقىدىكەن. تېلېفون ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى يوقىتىپ، كىشىلەر 2500 - يىلىغىچە قىسمەن ئادەملەر تىلشىقى پىلانېتقا ماكانلىشىدىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر دېڭىز ئاستى شەھەرلىرىگە ماكانلىشىدىكەن. 2500 – 2600 - يىلىغىچە سامان يولى سىستېمىسىدا باشقا بىر خىل «ئىنسانلارنىڭ» بىرلىكىشى بولىدىكەن ھەمدە بىر مەيدان «پلانېتلار ئارا ئۇرۇش» يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىكەن. 2600 – 2700 - يىلىغىچە ئادەم ئېنىقدىكى پۈت - قول ھەتتا باشنى خالىغان ۋاقىتتا يەڭگۈشلىگىلى بولىدىكەن. 2700 – 2800 - يىلىغىچە نۇرغۇن ئاھالىلەر باشقا پلانېتقا ماكانلىشىدىكەن. يەر شارىدىكى ئاھالىلەر ئۆزلۈكسىز كېمىيىدىكەن. 2800 – 2900 - يىلىغىچە يەر شارىدىكى كىشىلەر تىنىچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. 2900 – 3000 - يىلىغا بارغاندا يەر شارى ئادەملىرىنىڭ سىرتقى شەكلىدە ئانچە ئۆزگىرىش بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئوموميۈزلۈك ھالدا ئىككى مېترغا يېقىنلىشىپ، ھازىرقى ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ بەستلىك كۆرۈنىدىكەن. 3000 - يىلدىن كېيىن ئىرسىيەت قۇرۇلۇش ئالىملىرى يەنە بىر قانچە خىل يېڭى ئادەملەرنى ئىجاد قىلىدىكەن.

تۇرسۇن باقى تەرجىمىسى

قايسى خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار تاۋۇزنى كۆپ يېمەسلىكى كېرەك

قەنت سىيىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار: تاۋۇز تەركىبىدە مەلۇم مىقداردا قەنت ماددىسى بار بولۇپ، قەنت سىيىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر تاۋۇزنى كۆپ يېگەندە، قاندىكى قەنت ماددىسى ئۆرلەپ كېتىپ، سۈيدۈكتىكى قەنت ماددىسىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. بۇ، سالامەتلىككە ئىنتايىن زىيانلىق.

ئېغىز بوشلۇقى يارىسى بار كىشىلەر: ئېغىز بوشلۇقى يارىسى ئاساسەن ئادەم بەدىنىدىكى ئىسسىقلىقنىڭ سىرتقا تېپىپ مۇسكۇلدىكى تومۇرلارنى رەخمىلەندۈرۈش تۈپەيلىدىن بولىدۇ. تاۋۇزنىڭ تەمى تاتلىق، تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ سۈيدۈكنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەدەندىكى ئىسسىقلىق سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ. ئېغىز بوشلۇقى يارىسى بار كىشىلەر تاۋۇزنى كۆپ يېگەندە بەدەندىكى ئېھتىياجلىق سۇ تەركىبى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىپ كېتىپ بەدەننى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

بۆرەك ئىقتىدارى تولۇق بولمىغانلار: تاۋۇز تەركىبىدە زور مىقداردا سۇ بار بولۇپ، بۆرەك ئىقتىدارى تولۇق بولمىغان كىشىلەرنىڭ بۆرىكىنىڭ سۇنى تەڭشەش ئىقتىدارى تۆۋەن بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر تاۋۇزنى كۆپ يېگەندە بۆرەك بەدەنگە كىرگەن زور مىقداردىكى سۇنى تەڭشىيەلمەي قالىدۇ ۋە بەدەن سىرتىغا چىقىرىۋېتەلمەي قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قاننىڭ سىغىمچانلىقى جىددىي ئېشىپ جىددىي خاراكتېرلىك زېھنى ئاجىزلىقنى ۋە كەم ماغدۇرلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تېنى ئاجىز، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ياخشى بولمىغان كىشىلەر: بۇ خىلدىكى كېسەللەر تاۋۇزنى كۆپ يېسە قورساق كۆپۈش، ئىچى سۈرۈش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش قاتارلىق كېسەللەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كىچىك باللار ۋە ياشانغانلارمۇ تاۋۇزنى كۆپ يېمەسلىكى كېرەك.

مامۇت بارات تەرجىمىسى



گۇما ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ھېكىم مەتسىيىت ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىغا قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، ناھىيىنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 800 پارچىدىن كۆپرەك خەۋەر - ماقالىسى ئېلان قىلىندى. «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر» بولۇپ باھالاندى.

سۈرەتتە: ئۇ ماتېرىيال كۆرۈپ ئىزدەنمەكتە.

ئابدۇلئەھەت ئالىم فوتوسى

ئۇيغۇرلاردا رەڭ قارىشى

ئەلى خوجاخۇن

ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە ئۆزىگە خاس رەڭ قارىشى ۋە رەڭ تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈردى. بۇ قاراشلىرىنى دىن، ئۆرپ - ئادەت، تەبىئەت ۋە تەقدىر چۈشەنچىلىرىگە باغلاپ، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى.

ئۇيغۇرلار ئېگىدىكى رەڭ قاراشلىرىغا كۆز يۈگۈرتسەك ئاق ۋە كۆكتىن ئىبارەت ئىككى خىل رەڭ قارىشىنىڭ باشقا رەڭ چۈشەنچىلىرىگە قارىغاندا ناھايىتى گەۋدىلىك، كەڭ دائىرىلىك ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئىككى خىل رەڭنى بەخت - سائادەت، ياخشىلىق، نۇسرەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە چۈشەنگەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل رەڭ قارىشى قاچان شەكىللەنگەن؟ ھەممىمىزگە مەلۇمكى، چەكسىز ۋە سېھىرلىك تۈس ئالغان كۆك (ئاسمان) ۋە ئۇنىڭدىكى قۇياش، ئاي قاتارلىق جىسىملار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە ئەڭ جەلپ قىلىدىغان چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنى مۇقەددەس بىلگەن كۆك (ئاسمان)نىڭ رەڭگىنى ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىلاھنىڭ كونكرېت بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى ياخشىلىق، غەلىبىنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىش چۈشەنچىسى شەكىللەنگەن. ئاق رەڭگە بولغان چۈشەنچە قۇياشقا چوقۇنۇش ۋە قۇياشنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە ئاق رەڭنى يورۇقلۇقنىڭ، ھاياتلىقنىڭ، بەختنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە چۈشەنگەن. دېمەك، ئاق ۋە كۆك رەڭلىرىگە بولغان قاراش تەبىئەت ئىلاھىچىلىق قارىشى دەۋرىدىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئېپتىدائىي ئۇيغۇرلار ئېگىدا چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولۇۋاتقان ئۇ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ بەلگىلىك ئالاھىدىلىكى، گەۋدىلىك بىرەر تەرىپى ئۇلارنىڭ ئېگىدا يىلتىز تارتماي قالمايتتى.

شۈبھىسىزكى ھەر قانداق بىرەر مىللەت ئۆز ئەجدادلىرى شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرىدۇ ۋە بېيىتىدۇ. شۇ جۈملىدىن ئېيتقاندا ئاق ۋە كۆك رەڭلەرنى مۇقەددەس بىلىش چۈشەنچىسى VII ئەسىرگە كەلگەندە مانى دىنى بىلەن ئۇچرىشىپ ۋە گىرەلىشىپ، مانى دىنىدىكى يورۇقلۇق ۋە زۇلمەت (قاراڭغۇلۇق) ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋە يورۇقلۇقنىڭ ياخشىلىق سۈپىتىدە غەلىبە قىلىشى ئاق رەڭ قارىشىنى تېخىمۇ بېيىتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە X ئەسىردە شىنجاڭغا تارقالغان ئىسلام دىنى ۋە بۇ دىنغا ئەڭ بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىت تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئاق كىيىم كىيىش ئادىتى دىن تارقىلىش جەريانىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ مەلۇم دىنىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلىپ، ئەسلىدىنلا ئۇلارنىڭ ئېگىدا بار بولغان ئاق رەڭ چۈشەنچىسىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرىلىككە كۆتۈردى. شۇنداق قىلىپ مانى ۋە ئىسلام دىنى تەسىرىدە ئەسلىدىنلا ئورتاقلىققا ئىگە بولغان رەڭ قارىشى مىللەتنىڭ خاس مىللىي چۈشەنچىسىگە ئىگە قىلىندى ۋە بۈگۈنگىچە خەلقىمىز ئېگىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. ئەمدى بىز بۇ خىل قاراشنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقىنى كۆرۈپ باقايلى:

تەبىئەت ئېتىقادچىلىق قاراشلىرى ئەڭ قويۇق ئەكس ئەتكەن «ئوغۇز نامە» ئېپوسىدا ئوغۇزنىڭ چىرايىنىڭ كۆپ - كۆك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ چېدىرىغا كۆك نۇر چۈشكەنلىكى، نۇر ئىچىدە كۆك يايلىلىق كۆك بۆرىنىڭ پەيدا بولغانلىقى ۋە قوشۇنىنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭغانلىقى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، كۆك رەڭ ئارقىلىق سۈپەتلەش، كۆك رەڭنى ياخشىلىق، نۇسرەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە چۈشىنىش كەڭ دائىرىلىك ئەكس ئەتكەن.

«ئېرىق بىتىك» (پالنامە)دە: «باتۇر بەگ يىلقىسىغا بېرىپتۇ، ئاق بايتىلى قولۇنلاپتۇ، ئالتۇن تۇياقلىق ئايغىرلىقتا يارىغۇدەك. تۆگىلىرىگە بېرىپتۇ، ئاق ھىنگانى بوتىلاپتۇ، ئالتۇن پۇتلۇق بوغرالىقتا يارىغۇدەك، تۆيگە كېلىپتۇ، 3 - مەلىكىسى ئوغۇل تۇغۇپتۇ، بەگلىككە يارىغۇدەك، خۇشال - خۇرام بەگ (باتۇر) ئىكەنلا بۇ، ئېنىق ئەزگۈ دېگەن چۈش تەبىرى ئۇچرايدۇ. بۇ چۈش تەبىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئاق رەڭ ئەزگۈ (ياخشىلىق) بەختنىڭ نىشانى سۈپىتىدە ئېيتىلىدۇ. «كول تېكىن مەڭگۈ تېشى»دا كول تېكىننىڭ ھەر خىل رەڭدىكى ئاتلارنى مىنىپ جەڭگە كىرگەنلىكى، پەقەت ئاق ئات مىنگەن جەڭدىلا غەلىبە قازانغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بەزى ماتېرىياللاردا، ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇنلا ئاق رەڭنى ئۇلۇغلاش ئاساسىدا ئاق ئاتنى ئۇرۇش ئىلاھى قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردا ئەجدادلار روھىنى ئۇلۇغلاش ئاساسىدا ئۆزلىرى مۇقەددەس بىلگەن ئاق رەڭ چۈشەنچىسى بويىچە مېيىت ئاق رەخت بىلەن كېپەنلىنىدۇ.

قىسقىسى ئاق ۋە كۆك رەڭ خەلقىمىزنىڭ گۈزەللىك ئادىتىدە ياخشىلىق، بەخت ۋە نۇسرەتنىڭ نىشانى، ئۇ يىراق قەدىمكى زامانلاردا شەكىللىنىپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە تۈرلۈك دىنلارنىڭ تەسىرىدە كۈنسېرى بېيىپ بۈگۈنگىچە ئىزچىل ھالدا مىللەتنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋە مىللىي پىسخىكىسىنىڭ بىر تەرىپىدە گەۋدىلىنىپ كىشىلەرنىڭ ئېگىدا، ئۆرپ - ئادەتلەردە شۇنداقلا دۇنيا قارىشىدا مۇئەييەن تەسىر كۆچىنى ساقلاپ، ئېپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ يادامىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

بىزدىكى ھەشەمخورلۇق

نىزامىدىن ھۈسەيىن

ھەشەمخورلۇق — ھاكاۋۇرلۇق، سۆلەتۋازلىق، مەنمەنچىلىك، ھەمتخورلۇق، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ھادىسىلىرىگە مەنبە ۋەشان ھېسابلىنىدۇ. ھەشەمخورلار ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ نەپرىتىدە، ئەمگەك ئەھلىنىڭ مەسخىرىسىدە بولىدۇ. ئەل - يۇرت، مەھەللە كويلىرىدىن چەتتەيدۇ، غەدىيىپ قالىدۇ. تەنتەك كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقىنى ئويغىتىپ، تەمىيارتاپلار، مەنمەنچىلەر، ئاق نانچى خوشامەتكويلار... چوقۇنىدىغان ئادەملەرگە ۋە ئۆز ئويى - خىياللىرىنىڭ قولىغا ئايلىنىپ ياشايدۇ. ھەشەمخورلۇق ھەرگىزمۇ مىللىي ھاياتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەنبەسى، خىسلىتى ئەمەس، مىللىي ئەخلاقىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ تارىخىمىزدا ئۆتكەن دەۋرۇ - دەۋرانلار (ھاكىمىي كۆچلەر، باي خوجاملار، پۇلدارلار، ھاراماتاق تىرىكتاپلار...)نىڭ چىرىك مەنىۋىيىتى ۋە ئەخلاقى ھېسابلىنىدۇ.

ھەشەمەتچىلەر ئەڭ بۇرۇن ئۆز نام شۆھرىتىنى، ئاندىن ياراتقان تەڭرىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە ئەل - يۇرت يوق، دۇنيا ۋەسۋەسىلا بار. گاداي - نامرات قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇتۇغان. ئەمگەك ئەھلىنى نەزەرىگە ئىلمايدۇ. ئەلگە بايلىقنى بايراق قىلىدۇ. پۇل - ۋەج ۋەسۋەسىنى جەمئىيەتكە يايىدۇ. پۇل، بايلىقنى ياشاشنىڭ مىزان - ئۆلچىمى قىلىدۇ. كىشىلەرنى قاتلام، تەبىقىلەرگە بۆلۈۋېتىدۇ. ھەشەمخورلار باش كۆتۈرگەن جەمئىيەت - ئادەم ئادەمگە دۈشمەن جەمئىيەتكە قاراپ يۈزلىنىدۇ.

تويدۇرۇپ تۇرۇۋاتقان تويلىرىمىز

ھەشەمخورلۇقنىڭ بىزدىكى تۈرلىرىدىن بىرى بەزىبىر توي - تۆكۈن ھەشەمخورلۇقىدۇر. مۇھەببەت بىلەن توينىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان زور ئەھمىيىتى ۋە مەقسىتى ھەرگىزمۇ بەختەجلىك، ھەشەمخورلۇق ئەمەس، گۈزەل كەلگۈسىگە يۈزلىنىش. بىر پاتمان ئۆي جاھازلىرى، سۇپەت، سۆلەت بۇيۇملىرى، قوش - قوش كىيىم - كېچەكلەر، ھەشەمەتلىك سېلىنچى، پىيىنچى، ھۆسن تۈزەش بۇيۇملىرى، ئۆي تۈزەشلەر، بەدەن بېزەكلىرى، كاتتا چىقىملىق داستىخانلار، ھەشەمەتلىك داغدۇغا، دەبدەبىلەر... تويلاشقۇچى يىگىت - قىزلارنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنىڭ ئۇلى ۋە ياخشى قىسمىتى بولۇشى ناتايىن. پۇل، ھەشەمەتكىلا توغرىلانغان ھاياتنىڭ بۇزۇلمايدىغىنى، ۋەيران بولمايدىغىنى يوق. ھەشەمەتكە مەنبە بولغان پۇلنىڭ زەبۇنچىلىق، چىرىكلىك (ئاقۋەتنى تۈگەشتۈش)كە، ئۇرغۇن سەتچىلىكلەرگە مەنبە بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. مىللىي مەنىۋىيەت ئۇقۇمىدىن ئالغاندىمۇ توي - تۆكۈندىكى ھەشەمخورلۇق (توي - تۆكۈننىڭ تەقدىرىنى پۇل - ۋەجگىلا باغلاپ ھەل قىلىش)ھەرگىزمۇ «مىللىي داغدۇغا»، «مىللىي شۆھرەت»، «مىللىي غۇرۇر»، «مىللىي مىراس»شەكلى بولالمايدۇ. ئەكسىچە، تارىختا ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان - تەرىنى شوراپ جاھان تۈتۈپ ئۆتكەن ئىشرەتپەرەس تىرىكتاپ خان، خوجاملار، پۇلدار بايلار تەبىقىلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىق تۇرمۇش شەكلىدۇر. ئۇنى مىللىي تۇرمۇشىمىزدىكى بىر خىل يۇقۇملۇق چۈشكۈنلۈك، خارابلىشىش ئىللىتى دېمەي مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بۇ ئىللەت ھازىر جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئالپەت شەكلىدە يامراپ

جاللات خان ئاپاق خوجا ئۆز دەۋرىدە «...غۇرۇرى ھەشەمكارلىقى تۇتۇپ، روھىي ئالەمدە بۇنىڭدىنمۇ چوڭ توي سورۇنى تۈزۈلمىگەي، دەپ شەرت قىلىپ 30 مىڭ قوي، 30 مىڭ كالا ئۆلتۈرۈپ، 30 مىڭ ئات سوۋغا قىلىپ ،دۇنيانىڭ خوۋلۇقى كەيمەك، يەمەك، چاچماق،دەپ لەۋزى شوئار قىلىپ، 40 يەردە 100 كۈن توي قىلىپ مېھمان ئۈزىتىپ...»ئۆزىنىڭ نام. شۆھرىتىنى خەلقى ئالەمگە نامايان قىلىپ ئۆتكەن بولسا، ھازىرقى چاغلاردىمۇ «تونۇشۇش چېيى»، «ئۇچرىشىش چېيى»، «مەسلىھەت چېيى»، «كىچىك چاي»، «چوڭ چاي»، «يىگىت مەسلىھەت چېيى»، «قىز مەسلىھەت چېيى»، «ئاتا- ئانىلار مەسلىھەت چېيى»، «توي چېيى»، «چىللاق چېيى»، «ۋىچىركا»، «ھاردۇق چېيى»، «خوشلىشىش چېيى»، «رەھمەت چېيى»، «چاقىرىش»لارغا 10 - 20 لەپ كالا، قوي سويۇپ، 20 - 30 لاپ ماشىنا، پىكاپ ئىشلىتىپ، قىممەت باھالىق ھاراق، تاماكىلارنى يەشىك - يەشىكلەپ سېتىۋېلىپ دۆۋلەپ، تاللانغان سەنئەتچىلەرنى، ئاپپاراتچىلارنى، ناغرا - سۇنايچىلارنى، ئوپېراتورلارنى چاقىرىپ يىغىپ، ئۇستا ئاشپەز، مۇلازىملارنى كۆپەيتىپ، ھەشەمەتلىك چوڭ مەرىكە زاللىرىنى ئىشلىتىپ - قىسقىسى پۇلنى ساماندەك خەجلەپ، 1000، ھەتتاكى 2000 باغاقلىق مېھمان چاقىرىپ تۇرۇۋاتقانلار يوق ئەمەس. دېمەك ئۇلار «دۇنيانىڭ خوۋلۇقى كەيمەك، ئىچمەك، چاچماق»نىڭ داۋامىنى داۋاملاشتۇرماقتا. پەرقى — بالدۇر ئۆتكىنى چوڭ «ئەۋلىيا»ھەشەمخور، ھازىر ئۆتتۇۋاتقىنى بولسا ئەمدى پۇل تاپقان ياكى ئىمتىياز تاپقان «تاپاۋەتكە قادىر»ھەشەمخور، خالاس. پۇلدارلار پۇلدارلارغا، ئىمتىيازلىقلار ئىمتىيازلىقلارغا كۆز - كۆز قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان مۇنداق توي - تۆكۈننى قانداقمۇ «مىللىي شۆھرەت»، «مىللىي ئەنئەنە»نىڭ شەكلى دېگىلى بولسۇن؟ ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى «مىللىي ئەخلاق»دېگەندىن كۆرە ھەشەمخورلارنىڭ چۈشكۈنلۈكى دېمەي مۇمكىن ئەمەس.

ئۇلار يەنە بالاغەتكە يەتكەن قىز ۋە قىز جەمەتلىرىنى ياتلىق قىلىشنى ۋەج - ئوقەت، ئابروي- ئىمتىياز تېپىشنىڭ دەسمايىسىمۇ قىلىشۋالغان.

بۇرۇن - بۇرۇندىن تارتىپ ئادەتتىكى جامائەتچىلىكىمىز ئەمەل قىلىپ كەلگەن توي - تۆكۈن مىزانىدا: «... تۇنجى نىكاھتا قىزدىن ئۈچ ھامىيە (قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى، چوڭ ئاتا، چوڭ ئانىسى، بالاغەتلىك بىر

ئادەتتىكى جامائەتچىلىكىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى توي- تۆكۈن ئادىتىدە: قىزلارنىڭ تويلۇقى نورمال تىرىكچىلىكتىكى كىشىلەر ئۈچۈن «ئۈچ كىيىم: 1. باشلىق (باشياغلىق، تويلۇق دوپپا، تۇماق)، 2. تويلۇق ئىغىزمان كىيىمى (چاپان، كۆڭلەك، تامبال)، 3. تويلۇق ئاياغ كىيىمى. (پايپاق، بەتىنكە، ئۆتۈك)، تاللىق ۋە ئۆي ئىچىلىك قوش تەل قىلىنىشى، ئېرىغ مالدىن ئۈزۈك، زىرە، بىلەيزۈك ئېلىنىشى زۆرۈر»قىلىنغان بولسا، ھازىرقى ھەشەمخورلىرىمىز ئەرگە بېرىدىغان قىزلىرىنىڭ خېرىدارلىرىدىن جاھاندا بار جىنسكى قىممەتلىك رەختە. گەزمال تۈرلىرىدىن ھەر پەسىلگە نىشانلاپ جۈپ - جۈپتىن ئاش كىيىم، جۈپ - جۈپتىن ئىچ كىيىم، جۈپ - جۈپتىن يۇڭ كىيىم، تاللىق، ئۆي ئىچىلىك ھەر خىل كىيىم - كېچەك تۈرلىرىنى، پەسىللىك ئاياغ تۈرلىرىنى، گىرىم، پەرداز بۇيۇم، جابدۇقلىرىنى، جۈپ- جۈپ ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن زىرە، ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن زىنجىر، ئالتۇن سائەت، قىممەتلىك مۇنچاق تۈرلىرىنى ۋە چەت ئەلنىڭ ئېسىل چامادانلىرىنى تەلەپ قىلىشماقتا.

مەن بۇلتۇر ئۈرۈمچىدە يېقىن بۇرادىرىم، مەشھۇر «شياڭگاڭچى»سودىگەر («بەتخەج ھاجىم»لەقىمى بار) X ھاجىمنىڭ قىزىنىڭ تويىغىلا قىزنىڭ كىيىم - كېچەك، زېبۇ زىننىتى ئۈچۈن، يىگىت تەرەپتىن 39 مىڭ 700 يۈەنلىك چىقىم قوبۇل قىلغانلىقىدىن ۋاقىپلاندىم. دېمەك، ھاجىم ئارزۇلۇق قىزلىرىدىن بىرىنى ھەقىقىي مېھرىبان كۈيئوغۇل باللىسىغا ئەمەس، بىر نەچچە ساندۇق لاتا - پىنىگە، بىر سىقىم زىننەت بۇيۇمىغا بېرىۋەتكەن. بۇ، قىزنى ئادەمگە ئەمەس، پۇلغا ساتقانلىق ئەمەسمۇ؟

قىز چىقارغان ھەشەمخورلارنىڭ قىزنىڭ ھۆجرىسىنى جابدۇتۇشتىكى ھەشەمخورلۇقىنى دېمەمدىغان تېخى: بىر يۇرۇش لۈم - لۈم ئورۇندۇق، ئالاھىدە بېزەلگەن قوش كىشىلىك لۈم - لۈم كارىۋات، قوش قەۋەتلىك مېھمان شىرەلىرى؛ قوش - قوش ئېسىل داستىخانلار، كىيىم ئىشكاپلىرى، تۇرمۇش ئىشكاپلىرى (پەرداز ئىشكاپى، تىزىندىلار ئىشكاپى...)، قوش ئۇڭلۇق گاز ئوچىقى، دەزمال، دوخوپكا، ھاۋا تەڭشىگۈچ، جۈپ - جۈپ تام گىلەملىرى، قۇچاق- قۇچاق يوتقان - كۆرپىلەر، تام- تورۇس زىننەتلىرى (تام سائىتى، تام سۈرەتلىرى، ھەر خىل سىزمىلار، ئاسقۇچلار)، توڭلاتقۇ، رەڭلىك تېلېۋىزور، سىنئالغۇ،

ھەتتا ئۇنداق ئىللەت جەمئىيەتلىشىپ «خەلق ئەنئەنىسى»دېگەن نىقاب بىلەن يامراپ كېتىۋاتىدۇ - دە، ئاقىۋەت جەمئىيەتتە ئاجايىپ سەتچىلىكلەرنى ھەتتا ئېچىنىشلىق يامان ئاقىۋەت، پاجىئەلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىپ تۇرىدۇ:

«1985 - يىلى كۈنەس ناھىيىسىدە 47 جۈپ ياش نىكاھ سودىسىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە نىكاھقا ئارىلىشىۋېلىش تۈپەيلىدىن قېچىپ كېتىپ توي قىلىشۋالغان بولسا، 1986 - يىلى 69 جۈپ ياش قېچىپ كېتىپ توي قىلىشقان. بەزى كىشىلەر ئوغۇللىرىنى ئۆيلەش ئۈچۈن كوللېكتىپنىڭ باھاغا سۇندۇرۇپ بېرىلگەن چارۋا مال ۋە باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋېتىپ كوللېكتىپقا زىيان سالغان، ئۆزلىرىمۇ ئېغىر قەرزگە بوغۇلۇپ تۇرمۇشتا تەس كۈنلەرگە قالغان...» («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1987 - يىل 7 - سېنتەبىر سانىدىن)

قىز - يىگىتلەر قېچىپ كېتىپ توي قىلىشىدىغان مۇنداق ئىشلار بىزدە بۇرۇندىن تارتىپ ئۇچرىمەي كېلىۋاتىدۇ. قېچىپ كېتىپ توي قىلىشقان قىز - يىگىتلەر ئارىسىدا ئاتا - ئانىلارنىڭ نارازىلىق بېسىمى، «نومۇس»چاتىقى بىلەن يۇرت ئاتلاپ مۇساپىر بولۇپ كەتكەنلەر، قېچىپ يۈرۈپ ئاجرىشىپ كەتكەنلەر، ئاتا- ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئاتلىشىپ كەتكەنلەر، ھەتتا تېخى چۈشكۈنلىشىپ قاتتىق بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلارنى بىزدە كىم يوق دېيەلەيدۇ؟

توي - تۆكۈندىكى ھەشەمخورلۇقنىڭ كاساپىتى بىلەن (توي چىقىمىنىڭ ئېغىرلىقى، ئاتا - ئانىلارنىڭ نىكاھقا ئارىلىشىپ تەرسالىق قىلىشلىرى ئارقىسىدا)ھېسىياتلىرى بوغۇلۇپ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقان قىز - يىگىتلەرنى بىزدە كىم يوق دېيەلەيدۇ؟ توي - تۆكۈن ھەشەمخورلۇقى ئۈچۈن دۆلەت مالىيىسىگە خىيانەت قىلىپ، ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان قىز - يىگىتلەرنى بىزدە كىم يوق دېيەلەيدۇ؟ ئوغۇل ئۆيلەپ پۇل - ۋەجدىن ئايرىلىپ، قەرزگە بوغۇلۇپ، تۇرمۇشتا قىسىلىپ بىچارە بولۇپ قالغان ئاتا - ئانىلارنى بىزدە كىم يوق دېيەلەيدۇ؟ ھەشەمخورلۇق كاساپىتىدىن توي قىلىشالماي دەردمەن بولۇپ سەپتىن چىقىۋاتقان (تەرسالىشىپ كەتكەن، قولى ئىشقا بارمايدىغان چېكىرمەن، ئىچەرمەن بولۇپ كېتىشكەن)مەغلۇپ مۇھەببەت ئەسىرلىرىنى بىز

ئەلەم - نادامەت ھېسابلىشى لازىم، ئەلۋەتتە.

مېنىڭچە، توي مەنپەئەت ئۈستىگە ئەمەس، ئىشەنچ ئۈستىگە ئۆتكەن چاغلار بىزنىڭ ئەسلى ئەنئەنىمىز ئەسلىگە كەلگەن كۈنىمىز بولۇپ قالغۇسىدۇر.

مېيت چىقىرىشمۇ؟ ياكى ھەشەمەتچىلىك قىلىشمۇ؟

بىزدىكى ھەشەمەتچىلىكنىڭ ئەڭ قاباھەت تۈرلىرىدىن بىرى - مېيت ئۇزىتىش (ناماز چىقىرىش زەرەت ئىزنا قىلىش، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش، سەدىقە- پىتىر ئاتاش...)ئادىتىمىزدە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانچىلىققا زىت بەزىبىر قىلىق ۋە قىلمىشلاردىن ئىبارەتتۇر.

ۋاپات بولغان مەرھۇملىرىمىز ئۈچۈن ئىقتىسادىي مادارىغا بېقىپ زەرەت ئىزنا قىلىش، دەپنە ئۈستىدە قىلىنىدىغان ئىستىقامەت، دۇئا - تىلاۋەت... نى ئىخلاس بىلەن بېجىرىش، جامائەت پاتىھەلىرىنى ئۆتكۈزۈش، تۆت نەزىر (ئۈچى، يەتتىسى، قىرقى، يىلى)نى ئۆتكۈزۈپ قايغۇ، ماتەم ھېسسىياتىمىزنى ئىپادىلەش، زەرەت بېشىدا ئايەت ئىسلام ئوقۇتۇپ، سەدىقە، پىتىر ئاتاپ مەرھۇمنىڭ روھىغا سېغىنىپ تۇرۇش - بىزنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىي ئادەت ئەنئەنىلىرىمىز، بۇنىڭدا گەپ يوق.

لېكىن ئۇنداق قائىدە، ئادەتلەر چوقۇمكى ئىسلام دىنىنىڭ نەزىر - نۇزرەت ھەققىدىكى پرىنسىپ، تەلىملىرىدىن قەتئىي چەتنەپ كەتمەسلىكى، يەنى خۇددى «قۇرئان كەرىم»76 - سۈرە «سۈرەتى دەھرى»نىڭ 7 -، 8 -، 9 - ئايەتلىرىدە قەيت قىلىنغاندەك: «مۆمىن، ھەقىقىي مۇسۇلمانلار نەزىرلىرىنى يېتىم، مىسكىن، يېسىرلارغا ئاللا رىزالىقى ئۈچۈن تەقدىم ئېتىپ، ئۇلاردىن باشقا نەرسە كۈتمەستىن، خالىس بولۇشى شەرت. نەزىرنى يېتىم، مىسكىن، يېسىرلار، دەپ تونۇلغانلاردىن باشقىلارنىڭ يېيىشى جايىز ئەمەس- گۇناھ...»دېگەن پرىنسىپتىن چەتنەپ كەتمەسلىكى شەرتتۇر. تەپسىردە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «سەدىقە، پىتىر، كاپارەت، فىدىيە، نەزىرنىڭ ھەممىسى يېتىم، مىسكىن، يېسىرلارنىڭ، مۇساپىرلارنىڭ، يوقسۇللارنىڭ ھەققى. جايىنى تېپىپ بەرمىگۈچىلەر ۋە يېيىشكە ھەقسىز تۇرۇپ يېگۈچىلەر ئازابقا قالىدۇ...»

ئۆتكۈزۈلۈشكە ھاجەت بولغان ئىرىم - دىنىي قائىدىلەر (دەپنە قىلىش، تۆت نەزىر — ئۈچى، يەتتىسى، قىرقى، يىلى)نى، سەدىقە، پىتىر، كاپارەت، فىدىيە، دۇئا - تىلاۋەت ئۆتكۈزۈش... مۇراسىملىرىنى نام - ئاتاق چىقىرىش، شۆھرەت قازىنىش سورۇنلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، گوياكى ئۇنى ۋاپات بولغۇچىنىڭ... ئىنچى كۈنىنى ئەسلەش، خاتىرىلەش «زىياپىتى»گە ئايلاندۇرۇۋالغان. يەنە بەزىلەر پەقۇلئاددە مۇنەئەسسىپ (جاھالەتچىلىك)ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرىدە دىنىي ئىسلام پرىنسىپلىرىدا يوق نەزىر، سەدىقە، پىتىر تۈرلىرىنى، ھەشەمەتلىك قەبرىلەرنى قاتۇرۇش، بېزەشنى «كەشپىي تەرغىبات»قىلىشىپ، بەزىبىر كىشىلەرنى مېيت چىقىرىش ئادەتلىرىنى يەنىمۇ ھەشەمەتلەشتۈرۈشكە دالالەت قىلىپ باشلاپ ئۆتۈشمەكتە، ۋەھاكازالار.

لېكىن مۇنداق قىلىق ۋە ئادەتلەر مېنىڭچە ئەنئەنىۋى ئىسلامىيەت قائىدىسىگە، مۇسۇلمانچىلىق مىزانلىرىغا، مىللىي، دىنىي مادار، ئېتىقادىمىزغا پۈتۈنلەي مۇخالىپتۇر. يەنى بۇنداق قىلىقلار: 1. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «... قىچىڭلار، يېتىملارنىڭ ھەققىنى يېمەكتىن ...» («مىفتاھىل ھەدىس»دىن)؛ 2. «بىزدىكى ئىسلامىيەت»تە تەكىتلەنگەن: «... قەرز ئېلىپ نەزىر - چىراغ قىلماق، سەدىقە، پىتىر ئاتىماق، يېتىم پەرزەنتلەرنى، تۇغقان - ئەقرىبالىرىنى مېيت ئۈچۈن مال - مۈلۈك تېپىش، چىقىم قىلىشقا دالالەت بىلەن سەۋەبچى بولماق، بۇ ئالەم ۋەسۋەسى بىلەن مېيت ئۇزاتماق، ئاخىرەت ئىشلىرىغا بۇ ئالەم مۇددىئالىرىنى سىڭدۈرمەك، مېيت مۇسىبىتىنى سەۋەب، مۇددىئا قىلىپ مەقسەتكە يەتمەك، ئاتاق ئالماق... ئىسلام يولى ئەمەستۇر، قەتئىي مەنئى يولدۇر...»دېگەن ھىدايەت ۋە پرىنسىپلارغا تۈپتىن مۇخالىپتۇر.

ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، دىنىي پرىنسىپلارغا مۇخالىپ كېلىۋاتقان ئۇنداق قىلىق ۋە ئادەتلەر بىر قىسىم جاي ۋە بىر قىسىم جامائەتچىلىكىمىز ئارىسىدا بايلار بىلەن نامراتلار نەزىر - چىراغلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقىنى، پەرقى بىنەپلىكىنى، نەزىر - چىراغ جامائىتىنىڭ ناباب سالاھىيەت قاتلىمىنى، ھەر خىل مىقدارلىق چىقىملار تۈرلىرىنى شەكىللەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى دۇئا - تىلاۋەت قىلىنىدىغان ئىرىم، قىلىقلارنىڭ يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ، ئۆزگىرىپ بېرىشىنى، نەزىر - چىراققا بولغان بىلىش ۋە قاراشنىڭ مەنبەسىزلىكىنى، «تۇرۇمسىز ئادەت»، «ئىگىسىز قىلىقلار»نىڭ يامراپ كېتىشىنى، ئەڭ مۇھىمى، نەزىر- چىراغ راسخوتىنىڭ يىلدىن - يىلغا ئېشىپ بېرىشى ۋە جاھالەتچىلىك قىلىقلىرىنىڭ يامراپ تۇرۇشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. بۇنى بىزنىڭ ھازىرقى مىللىي يۈكسىلىش ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمىزگە زىت سەلبىي يېشكەللىكنىڭ ... دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز، ئەلۋەتتە.

(داۋامى بار)

تۈگىشىش»كە، ئۇلار شۇنىڭدىكى مەنىۋى بولالىسىلىكى مۇمكىن ئەمەس. مىللىي مەنىۋىيەت ئۇلاردىن ئايلانغاندىمۇ تويى - تۆكۈن ھەشەمەتچىلىكى (تويى - تۆكۈن) تۆكۈنلىرىنىڭ تەقدىرىنى پۇل - ۋەجىھلا بەلگىلەپ ھەل قىلىش» ھەرگىزمۇ «مىللىي داغدۇغا»، «مىللىي شۆھرەت»، «مىللىي غۇرۇر»، «مىللىي مىراس»قا ئوخشاش بولالمايدۇ. ئەكسىچە، تارىختا ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان - تەرىنى شوراپ جاھان ئۈزۈتۈپ ئۆتكەن ئىشرەتپەرەس ئىستېپداتچى خان، خوجا، بەگ، پۇلدار بايلار ئەيىبلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىق ئۈزرەمۇش شەكلىدۇر. ئۇنى مىللىي ئۆرپ-ئادىتىمىزدىكى بىر خىل مۇۋەپپەقىيەتچىلىك، خاراكتېرلىك ئۆلچەم ئېلىشنى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بۇ ئىللەت ھازىر جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئالغان يامراپ كېتىۋاتىدۇ. تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر ئىشرەتپەرەس

قەمبەرخانىم سۆزلىرىدىن

- ماتائەپەرەس سەنئەت سۈزۈلدۈرۈلمىگەن لاي سۇ دېمەكتۇر.
- ئەگەر خەلقىم بولمىغان بولسا، مەنمۇ، مېنىڭ قەدىر-قىممىتىممۇ بولمىغان بولاتتى.
- سەنئەت - خەلقنىڭ سەنئىتى، سەنئەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن خەلقنى قەدىرلەش لازىم.

قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان مۇنداق توي - تۆكۈننى قانداقمۇ «مىللىي شۆھرەت»، «مىللىي ئەنئەنە»نىڭ شەكلى دېگىلى بولسۇن؟ ئۇلارنىڭ ئەخلاقنى «مىللىي ئەخلاق» دېگەندىن كۆرە ھەشەمەتخورلارنىڭ چۈشكۈنلۈكى دېمەي مۇمكىن ئەمەس.

ئۇلار يەنە بالاغەتكە يەتكەن قىز ۋە قىز جەمەتلىرىنى ياتلىق قىلىشنى ۋەج - ئوقەت، ئابروي- ئىمتىياز تېپىشنىڭ دەسمايىسىمۇ قىلىشىۋالغان.

بۇرۇن - بۇرۇندىن تارتىپ ئادەتتىكى جامائەتچىلىكىمىز ئەمەل قىلىپ كەلگەن توي - تۆكۈن مىزانىدا: «... تۈنجى نىكاھتا قىزدىن ئۈچ ھامىيە (قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى، چوڭ ئاتا، چوڭ ئانىسى، بالاغەتلىك بىر تۇغقانلىرى)، يىگىتتىن بىر ھامىيە (يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى)تويدىن تۆھپە - نېسۋە قوبۇل قىلماق جايىز» دېيىلگەن بولسا، ھەشەمخورلار بېرىدىغان قىزلىرى ئۈچۈن چوڭ ئاتا، چوڭ ئانا، ئاتا - ئانا، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل، كۈيئوغۇل، كېلىن، نەۋرە، ھەتتا چەۋرىلەرگىچە (ھەتتاكى ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-ئانىلىرى، جەددى - جەمەتلىرى ئۈچۈنمۇ)قىممەتلىك توي نېسۋىلىرى ئۇندۇرۇپ ئېلىشماقتا. «سۈت ھەققى»، «تۇز ھەققى»، «قىز ھەققى» دېگەندەك ھەقلەرنىڭ ئېغىرلىقىچۇ تېخى.

قىز چىقارغان ھەشەمخورلارنىڭ قىزنىڭ ھۇجرىسىنى جابدۇتۇشتىكى ھەشەمخورلۇقىنى دېمەمدىغان تېخى: بىر يۈرۈش لوم - لوم ئورۇندۇق، ئالاھىدە بېزەلگەن قوش كىشىلىك لوم - لوم كارىۋات، قوش قەۋەتلىك مېھمان شىرەلىرى، قوش - قوش ئېسىل داستىخانلار، كىيىم ئىشكاپلىرى، تۇرمۇش ئىشكاپلىرى (پەرداز ئىشكاپى، تىزىندىلار ئىشكاپى...)، قوش تۈگلۈق گاز ئوچىقى، دەزمال، دوخوپكا، ھاۋا تەڭشىگۈچ، جۈپ - جۈپ تام گىلەملىرى، قوچاق-قوچاق يوتقان - كۆرپىلەر، تام- تورۇس زىننەتلىرى (تام سائىتى، تام سۈرەتلىرى، ھەر خىل سىزمىلار، ئاسقۇچلار)، توڭلاتقۇ، رەڭلىك تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ، كىرئالغۇ، فوتو ئاپپارات، بىرىكمە ئاۋاز ساندۇقى...لار - خۇددى يېقىن بۇرادىرىمىز «بەتتەھ ھاجىم»دېگەندەك: «30 مىڭ يۈەن خەجلەنگەن يېڭى ئۆي»لەر ھەشەمخورلارنىڭ توي ھەشەملىرىدىن بىر ھالقا بولۇپ تۇرۇپتۇ. بەزىلەرنىڭ: «بىزدە 100 مىڭ يۈەنلىك تويلار پەيدا بولۇۋاتىدۇ...»دېگەن سۆزلىرى ئاساسسىز ئەمەستەك قىلىدۇ.

ھەشەمخورلۇق قىلىقلىرى يامراپ كەتكەن جەمئىيەتتە ئالدى بىلەن كىشىلەردە پۇل ئۈچۈن قىزىپ كېتىش (پۇل ئۈچۈنلا ياشاش، پۇل ئۈچۈن ھەممىنى قىلىش...)تەك يامان خاھىش باش كۆتۈرۈشى مۇقەررەر.

ئۆلتۈرۈۋېلىشقان قىز - يىگىتلەرنى بىزدە كەم يوق دېيەلەيدۇ؟ توي - تۆكۈن ھەشەمخورلۇقى ئۈچۈن دۆلەت مالىيىسىگە خىيانەت قىلىپ، ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ تۈرمىدە يېتىۋاتقان قىز - يىگىتلەرنى بىزدە كەم يوق دېيەلەيدۇ؟ ئوغۇل ئۆيلەپ پۇل - ۋەجدىن ئايرىلىپ، قەرزگە بوغۇلۇپ، تۇرمۇشتا قىسىلىپ بىچارە بولۇپ قالغان ئاتا - ئانىلارنى بىزدە كەم يوق دېيەلەيدۇ؟ ھەشەمخورلۇق كاساپىتىدىن توي قىلىشالماي دەردمەن بولۇپ سەپتىن چىقىۋاتقان (تەرسالىشىپ كەتكەن، قولى ئىشقا بارمايدىغان چېكەرمەن، ئىچەرمەن بولۇپ كېتىشكەن)مەغلۇپ مۇھەببەت ئەسىرلىرىنى بىز ھەر يەردە دېگۈدەك ئۇچرىتىپ تۇرۇۋاتىمىزغۇ؟ توي-تۆكۈندىكى ھەشەمخورلۇق سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئۇرۇش - جېدەل - ماجرالار، مەسىلەر سەتچىلىكلىرى... بۇزۇلغان تويلار، بۇزۇلغان چايلار، زايا بولۇپ كەتكەن بايلىقلارچۇ تېخى؟ دېمەك گەپ تولا. دېمەك، ئازچىلىق ھەشەمخورلىرىمىزدىن باشلىنىپ تەدرىجىي «جەمئىيەت ئادىتى» بولۇپ يېيىلىپ، مىللىي ھاياتىمىزدا بىر خىل ئىجتىمائىي كېسەل تۈسىنى ئېلىۋاتقان بۇنداق چوڭ بىر مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلمەي، تۈزەتمەي، توسماي، «نېمە كارىم»بىلەن يۈرۈشنى ھەر بىر ۋىجدانلىق مۇسۇلمان قېرىنداشىمىز ئۆتكۈزمەس

ئەزىزلىرىنى يېتىم، مىسكىن، يېسىرلارغا ئاللا رىزالىقى ئۈچۈن تەقدىم ئېتىپ، ئۇلاردىن باشقا نەرسە كۈتمەسلىكى، خالىس بولۇشى شەرت. ئەزىزنى يېتىم، مىسكىن، يېسىرلار، دەپ تونۇلغانلاردىن باشقىلارنىڭ يېيىشى جايىز ئەمەس- گۇناھ...»دېگەن پرىنسىپتىن چەتنەپ كەتمەسلىكى شەرتتۇر. تەپسىردە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «سەدىقە، پىتىر، كاپارەت، فىدىيە، ئەزىزنىڭ ھەممىسى يېتىم، مىسكىن، يېسىرلارنىڭ، مۇساپىرلارنىڭ، يوقسۇللارنىڭ ھەققى. جايىنى تېپىپ بەرمىگۈچىلەر ۋە يېيىشكە ھەقسىز تۇرۇپ يېگۈچىلەر ئازابقا قالىدۇ...»

بىزنىڭ ھازىرقى چاغلاردىكى مېيىت چىقىرىش (ئىجتىمائىي مۇسىبەتچىلىك) ئادەت، قىلىقلىرىمىز يۇقىرىقى دىنىي پرىنسىپقا ئۇيغۇنمۇ؟ ياق، ئۇيغۇن بولمايۋاتقان تەرەپلىرى خېلى بار. بەزىبىر كىشىلىرىمىز (مۇشۇ ئىشتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرغۇچى كىشىلىرىمىز)نىڭ مېيىت چىقىرىشقا بولغان مۇئامىلىرى تازا ساپ ئەمەس. مەسىلەن، بەزىبىر دىنىي كىشىلىرىمىز ياكى شۇلارغا ياندىشىپ تۇرغان بەزىلەر مېيىت ئۆزىتىشنى تاپاۋەت قىلىشنىڭ بىر خىل يۈرۈشى، «خۇدايى پۈرسەت»قىلىشىۋالغان. يەنە بەزىبىر كىشىلەر بولسا، مېيىت ئۇزىتىش مۇنلىسۇتنى بىلەن

بېرىشنى، ئەزىر - چىراغقا بولغان بىلىش ۋە قاراشنىڭ مەنبەسىزلىكىنى، «تۈزۈمسىز ئادەت»، «ئىگىسىز قىلىقلار»نىڭ يامراپ كېتىشىنى، ئەڭ مۇھىمى، ئەزىر-چىراغ «سۇتچىلىك» يىلدىن - يىلغا ئېشىپ بېرىشى ۋە جاھالەتچىلىك قىلىقلىرىنىڭ يامراپ تۈرۈشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. بۇنى بىزنىڭ ھازىرقى مىللىي يۈكسىلىش ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمىزگە زىت سەلبىي يېشكەللىكنىڭ مەنبەسى، دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز، ئەلۋەتتە.

(داۋامى بار)



رەسساملىق سەنئىتى

ئەڭ قەدىمكى رەسىم ئىزلىرى مىلادىدىن 20 - 40 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى قىياتاشلارغا ۋە غارتام، ئۆڭكۈر تاشلىرىغا بوغا مۆڭگۈزى بىلەن سىزىلغان ئىپتىدائىي ئۈچلۈق رەسىملىرىدىن تېپىلىدۇ. بۇ ئىپتىدائىي رەسىملەر قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە بۇ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئەجدادلىرىمىزنىڭ رەسساملىق سەنئىتى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم يىپ ئۇچىدۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا كەلسەك، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ھايۋانات دۇنياسى بىلەن بولغان كۈرەشلىرىدە ئۆز غەلىبىلىرىدىن پەخىرلىنىشكە، ئۆزىنىڭ ھايۋانلاردىن ئۈستۈن تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىشقا ۋە بۇنى بەدىئىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەشكە قىزىقىپ، ھايۋاناتلارنىڭ تۇرغۇن ھالىتىنى ياكى ھەرىكەت ئۈستىدىكى ھالىتىنى ناھايىتى ئاددىي سىزىقلار بىلەن سىزغان. بۇ رەسىملەر دەسلەپتە يالاڭ سىزىقلار بىلەن، كېيىنچە قېلىن ۋە سۇس سىزىقلارنى ئارىلاشتۇرۇش بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن رەڭ بىلەن سىزىلىشقا باشلىغان. كېيىنچە ئۇۋ غەلىبىلىرىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ، ئۈچلۈق قوراللىرىغا، ئۆز بەدەنلىرىگە ھايۋانات رەسىملىرىنى سىزىش ھەتتا ئۇرۇق ۋە جامائەلەر ئۆزلىرىگە ھايۋانات نامىدا «توتېم»بەلگىلىرىنى قويۇشقا ئادەتلەنگەن.

تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى، تېرىقچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۈچلۈقتىن ھايۋان كۆندۈرۈشكە ئۆتۈشتىن باشلاپ مۇستەھكەم ئادەتكە ئايلانغان ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەقىقەت نەزىرى ئادەمنىڭ ئۆزىگە، ئادەم ئوبرازىغا قارىتىلىشقا باشلىدى. قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمگاھلاردىن ۋە مۇقەددەس تاغلار، گۈزەل بوستانلىقلار ھەم دەريا ۋادىلىرىدىكى ئىپتىدائىي قەبرە - يادىكارلىقلاردىن تېپىلغان 6000 - 8000 يىللىق تارىخقا ئىگە



ساپال قاچىلارغا سىزىلغان فىگۇرىلار بىلەن ئاددىي ھالەتتىكى ئادەم ئوبرازى ئەنە شۇلارنىڭ ماددىي ئىسپاتى.

باشلانغۇچ جەمئىيەت ئاخىرلىشىپ، قۇللۇق تۈزۈم سەنئىتى كېلىپ چىقىش بىلەن بىللە، كەسپىي رەسساملار مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. ئەمما بۇ چاغدىكى رەسىملەر شامان دىنى ئەۋلىيالىرىنى، ئەپسانە ۋە پىرىم ئەپسانىلەردىكى غايىۋى ئەگرىلەرنى، قۇلدارلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەشەمەتلىك ساراي - قەسىرلىرىنى تەسۋىرلەش بىلەن چەكلەندى. كېيىنچە قۇللۇق تۈزۈمنىڭ كۆچىيىشى، قۇللار ئۈستىدىكى زۇلۇمنىڭ ۋەھشىيلىشىشكە ئەگىشىپ، خەلق قەھرىمانلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان رەسىملەرمۇ ئاساسلىق دېتاللار قاتارىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلەشكە باشلىدى. مىلادى 3 ـ، 4 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە خوتەن، كۇچا ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا كۆپلىگەن مىڭئۆيلەر بىلەن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بارلىققا كېلىپ، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ سىزما رەسىم جەۋھەرلىرى بىلەن بېزەلدى. ھەتتا خوتەننى مەركەز قىلغان ماھايانا رەسساملىرى گۇرۇھى بىلەن كۇچانى مەركەز قىلغان ھىنايانا رەسساملىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ رەسساملار گۇرۇھى شەكىللىنىپ، تاكى ئوتتۇرا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىدە كەڭ كۆلەملىك پائالىيەت قىلدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇزۇڭ تەرىپىدىن «دۆلەت رەسساملىرى ئۇستازى»دېگەن ئۇنۋانغا ئالغان خوتەنلىك مەشھۇر رەسسام ۋېيسا ئىراسانكا بىلەن كۇچا رەسساملىرى پېشۋاسى پورتىدىنلارنىڭ رەسساملىق سەنئىتىدىكى سەۋىيىسى گەۋدىلىك بولغانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن چاڭئەن شەھىرىدە مەكتەپ ئېچىپ، مىڭلارچە كەسپىي رەسساملارنى تەربىيىلەپ بەردى. بۇلارنىڭ ئۇسلۇب، ماھارەت ۋە دېتال تاللاشتىكى تەسىر كۈچى تاكى ياپونىيە، چاۋشيەن، ۋيېتنام، كامبودژا قاتارلىق ئەللەرگىچە يېتىپ باردى. دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھەرقايسى مىڭئۆيلەر ئەنە شۇ زامانلاردىن قالغان ئۇيغۇر تام سىزما رەسىم يادىكارلىقىنىڭ تارىخىي يالدامىسى بولۇپ، ئۇ بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ گۈزەل - سەنئەت مۇزېيى سۈپىتىدە، ھەرقايسى ئەل سەيياھلىرىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلماقتا. يەنە تۇرپان، كۇچا، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى ئىپتىدائىي قەبرە يادىكارلىقلىرىدىنمۇ قەغەز ھەم پاختا توقۇلمىلارغا سىزىلغان ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملەر تېپىلىپ، رايونىمىز ئىچىدىكى مۇزېيلاردا ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا ھەم يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان بەدىئىي سەنئەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەتقىق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ھەرىكەتچان تېلېفون. . .

ئادىلجان ئابلىز سىزغان

ئامېرىكىنىڭ كوممۇنىست يازغۇچىسى درېيسېر

تېئودور ھېرمان ئالبېرت درېيسېر 1871 - يىلى ۋەيران بولغان مۇلۇكدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرەلمەي مۇستەقىل تىرىكچىلىك يولىغا ماڭغان. شاگىرت ئىشچى، كاسسىپ، مۇخبىر بولغان. 1900 - يىلدىن ئېتىبارەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. دەسلەپكى مەزگىللەردە «سىڭلىم زالى»ۋە «قىزچاق ژېننى»رومانلىرىنى يېزىپ، ئاددىي ئىشچى ئائىلىسى قىزلىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئامېرىكىدىكى تۆۋەن تەبىقە خەلقلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى يورۇتۇپ بەرگەن. «تالانت» روماندا بىر تالانتلىق سەنئەتكارنىڭ چۈشكۈنلىشىش جەريانىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ سەنئەتنى بوغۇپ قويۇشتەك رەزىللىكلىرىنى پاش قىلغان. بۇ ئەسەرلەر ناتۇرالىزملىق ۋە ئۈمىدسىزلىك پۇرىقىغا ئىگە ئەسەرلەردۇر. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىجادىيىتىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ 1925 - يىلى ئېلان قىلىنغان رومانى «ئامېرىكىنىڭ پاجىئەسى»ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى، روماندا بىر ياشنىڭ چۈشكۈنلىشىش، جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ئۆزىنى نابۇت قىلىشتەك تەسىرلىك ئىشلىرىنى يېزىش ئارقىلىق ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى كەلتۈرۈپ چىقارغان جىنايەت ۋە بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىنىڭ ساختىلىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. 1927 - يىلى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «ئامېرىكىلىق درېيسېرنىڭ روسىيىگە نەزىرى»ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىگەن. ئۇزاق ئۆتمەي «ئايالارنىڭ ھەيكىلى»ناملىق رومانىنى يېزىپ ئامېرىكا ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇنجى كوممۇنىستنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. 30 - يىللاردىكى ئىقتىسادىي بۆھران مەزگىلىدە، كان ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىش تاشلاش كۈرىشى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «خارلاندكان ئىشچىلىرىنىڭ پاراگلىرى» ناملىق رومانىنى يازغان. ئۇ 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن خەلقئارا فاشىزمغا قارشى كۈرەشكە قاتنىشىپ، ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە بارغان. 1941 - يىلى ئامېرىكا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. 1945 - يىلى ۋاپاتىدىن تۆت ئاي ئىلگىرى ئامېرىكا كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن يەنە «قورغان» رومانى، «ھالاكەت» تىرىلوگىيىسى («پۇلدارلار جەمئىيىتى»، «دېۋە»، «ستوك»)ھەمدە «پاجىئەلىك ئامېرىكا» ناملىق زورەجسلىك سىياسىي تەقرىزى قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 20 - ئەسىر ئامېرىكا ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. (تۇرغۇن تەرجىمىسى)

بۇ بەتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەنۋەر ئابدۇللا

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 17 - نومۇر. تېلېفون: باش ئاپپارات 223951 ئارقىلىق 307، 302. پوچتا نومۇرى: 830002. پارچە باھاسى: 25 پۇڭ.
يىللىق باھاسى: 13 يۈەن. گېزىتىمىز ھەر پەيشەنبە كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ. پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.